# كۆك دېلفىن ئارىلى

خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مەشھۇر ئەسەرلەر



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

## سكات ئودېل

سكات ئودېل ئامېرىكىنىڭ لوس ئانجېلېستا تۇغۇلغان، بالا چېغىدا ئۇنىڭ ئائىلىسى بەزىدە ئاراللارغا، بەزىدە مېكسىكا بىلەن تۇتىشىدىغان تاغلىقلارغا كۆپ قېتىم كۆچكەن، ئۇ يەرلەر غەربىي رايوندىكى ئىندىئانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار ئىدى. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئودېلنىڭ كۆپلىگەن رومانلىرى بوز يەر ئاچقۇچىلار، ئىندىئانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئودېل ناھايىتى مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، ئۇ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئۇ يەنە ھوللىۋۇدنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كىنولىرىدا رول ئالغان ئىقتىدارلىق ئارتىس. ئودېل ئەڭ ئامراق ئىش يېزىقچىلىق، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تارىخىي تېمىلادا رومان يېزىش. ئۇ ئۆمرىدە 30 پارچە رومان يازغان، ئۇلارنىڭ كۆپى تارىخىي رومانلاردۇر. 1981-يىلى ئۇ يەنە تارىخىي رومان ئىجاد قىلغان ياش-ئۆسمۈر ۋارىسلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان «ئودېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلغان.

33-5

# كۆك دەلفىن ئارىلى

(رومان)

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئەمەت
ئاپتورى: سىكات ئودېل (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: بىلائاي ساتتار

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئەمەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: غولامجان بەكرى
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

## كۆك دېلفىن ئارىلى (رومان)


| | |
|---|---|
| ئاپتورى: | سكوت ئودېل (ئامېرىكا) |
| تەرجىمە قىلغۇچى: | بىلائاي ساتتار |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 — 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14- قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى |
| فورماتى: | 880×1230 م م 32 / 1 |
| باسما تاۋىقى: | 5.625 |
| نەشرى: | 2015 - يىلى 1- ئاي 1- نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 - يىلى 1 - ئاي 1- بېسىلىشى |
| باھاسى: | 18.00 يۈەن |

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئالىيوتلار كۆك دېلفىن ئارىلىغا كەلدى ........................ 1
ئىككىنچى باب توقۇنۇش پەيدا قىلغان ئاق ئوكۇن ... 9
ئۈچىنچى باب ئالىيوتلارنىڭ قاما ئوۋلىشى ........ 16
تۆتىنچى باب ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ....... 20
بەشىنچى باب مۇسىبەت قاپلىغان كەنت .......... 26
ئالتىنچى باب كۆك دېلفىن ئارىلىدىن ئايرىلىش ئارزۇسى ........................ 31
يەتتىنچى باب مەن قېپقالدىم .................... 36
سەككىزىنچى باب رامونىڭ لالما ئىت بىلەن ئېلىشىشى ... 41
توققۇزىنچى باب قورال ياساشقا باشلىدىم ............ 49
ئونىنچى باب يالغۇز دېڭىزغا چىقىش ............. 58
ئون بىرىنچى باب كۆك دېلفىن ئارىلىغا قايتىش ....... 67
ئون ئىككىنچى باب ئۆي سېلىش ...................... 72
ئون ئۈچىنچى باب دېڭىز پىللىرى ئارىسىدىكى ئېلىشىش ........................ 78
ئون تۆتىنچى باب ئۆڭكۈردە يارا ساقايتىش ............ 85
ئون بەشىنچى باب رانتونى كۆندۈرۈش ................ 90
ئون ئالتىنچى باب غاردا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش .... 98
ئون يەتتىنچى باب رانتونىڭ ئابروي قوغداش ئۇرۇشى ... 104
ئون سەككىزىنچى باب قۇش كۆندۈرۈش ............... 110

ئون توققۇزىنچى بــاب  سەككىزئاياغ ئوۋلاش ............... 114
يــگىرمــىنـچـى بــاب  قەدىمكىلەرنىڭ تاش غارى ........ 121
يىگىرمە بىرىنچى بـاب  ئالىيوُت قىز توُتوك ............. 129
يىگىرمە ئىككىنچى باب  توُتوك بىلەن بولغان دوستلوُق ..... 136
يىگىرمە ئوُچىنچى باب  قاما بالىلىرىنى بېقىش ............. 142
يىگىرمە تـۆتىنچى باب  باهار پەسلىدىكى گوُزەل كۆك دېلفىن
ئارىلى ........................ 147
يىگىرمە بەشىنچى باب  رانتوُ مەندىن مەڭگوُلوُك ئايرىلدى ... 152
يىگىرمە ئالتىنچى باب  رانتوُ ئاروُ ....................... 156
يىگىرمە يەتتىنچى باب  دېڭىز تاشقىنى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى160
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  ئارالدىن ئايرىلىش ئالدىدا .......... 166
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  غېرىبلىق تۇرمۇش ئاياغلاشتى ...... 171

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

## بىرىنچى باب

# ئالىيۇتلار كۆك دېلفىن ئارىلىغا كەلدى

ئالىيۇتلار بىزنىڭ ئارالغا كېمە بىلەن كەلگەن كۈنى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. دەسلەپتە ئۇ كېمە خۇددى دېڭىزدا لەيلەپ قالغان كىچىككىنە قۇلۇلە قېپىدەك كۆرۈندى. ئاندىن ئاستا - ئاستا يوغىناپ، قانىتىنى يىغىۋالغان چايكىغا ئايلاندى. كېيىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدا، ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى قوش ماچتىلىق قىزىل كېمىگە ئۆزگەردى.

ئىنىم بىلەن ئىككىمىز جىلغىنىڭ ئاغزىغا كەلدۇق. بۇ جىلغا مارجان قولتۇقىغىچە سوزۇلاتتى. ئەتىيازدا ئۇ يەردە تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەتتى. بىز ياۋا ئوتياش يىغىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق.

ئىنىم رامۇ تېخى كىچىك، مېنىڭ يىرىمىچىلىك كېلەتتى. مەن شۇ چاغدا ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەنىدىم. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ بەكلا كىچىك ئىدى. ئۇ خۇددى قارا چېكەتكىدەك پۇت - قولى چاققانىدى، ھاياجانلىنىپ كەتسىمۇ خۇددى قارا چېكەتكىدەك ئەخمەقلىق قىلاتتى. كەلسە - كەلمەس چېپىپ يۈرمەي، كۆپرەك ياۋا ئوتياش يىغىپ بەرسۇن دەپ، ئۇنىڭغا دېڭىزدا كۆرۈنگەن قۇلۇلە قېپىنى، قانىتىنى يىغىۋالغان چايكىنى كۆرسەتمىدىم.

دېڭىزدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، چاتقاللارنىڭ ئارىسىنى ئۈچلۈق تاياق بىلەن توختىماي كولاۋەردىم. ھەتتا ھېلىقى چايكا قوش ماچىلىق يوغان قىزىل كېمىگە ئايلانغاندىمۇ ئۇنۇمنى چىقارمىدىم.

بىراق، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە رامۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى قارىلىقىدىن خۇددى كەسلەنچۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى، كۆزىنىڭ يوغانلىقىمۇ كەسلەنچۈكنىڭكىگە ئوپئوخشاش ئىدى. ئۇ بەزىدە قارىسا خىرە ـ شىرە ئۈيقۇغا كەتكەندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ بىر نەرسىلەرنى سەپسىلىپ كۆرۈۋاتقان ۋاقتى ئىدى. رامۇنىڭ كۆزى ھازىر دەل مۇشۇنداق يېرىم ئوچۇق، يېرىم يېپىق ھالەتتە ئىدى، بۇ تۇرقى بەئەينى تاشنىڭ ئۈستىدە تىلىنى چىقىرىپ چىۋىن يۇتۇۋېلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان كەسلەنچۈككىلا ئوخشايتتى.

— دېڭىز شۇنداق تىپتىنچ، — دېدى رامۇ، — خۇددى قىلچە يېرىقى يوق سىلىق، پارقىراق تاشتەك.

ئىنىم بىر نەرسىنى قەستەن باشقا نەرسىگە ئوخشىتىشقا ئامراق ئىدى.

— دېڭىز يېرىقى يوق تاش ئەمەس، — دېدىمەن، — ئۇ ھازىر دولقۇنى يوق سۇ.

— مېنىڭچە ئۇ بىر پارچە كۆك تاش، ئۇنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدە كىچىككىنە بىر بۇلۇت بار. ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ.

— مەيلى تاشنىڭ رەڭگى كۆك ياكى قارا بولۇپ كەتسۇن، بۇلۇت ھەرگىزمۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمايدۇ.

— ئۇ بۇلۇت تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.

— بۇلۇت تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمايدۇ، كۆك دېلفىن، چايكا، قارنا، قاما، كىت قاتارلىقلار دېڭىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، پەقەت بۇلۇتلا دېڭىزدا ئولتۇرمايدۇ.

— بەلكىم بىر كىت بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئىنىم.
رامىۇ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كېمىگە ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇپ بويۇنداپ قارىدى، ئۇنىڭ كېمە ئىكەنلىكىنى رامۇ بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە كېمە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەزەلدىن كېمىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، كېمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم.
— دېڭىزغا ھاڭۋېقىپ تۇردۇڭغۇ؟ — بۇ يەردە ياۋا ئۆتىياش يىغىۋاتىمەن، بۇ ياۋا ئۆتىياشلار مېنىڭ بولىدۇ، كېيىن مەندىن تالاشما، ھە! — دېدىم ئۇنىڭغا.
رامۇ توپىنى تۇرتۇشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ كېمە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. كېمىنىڭ ماچتىسى سەھەردىكى تۇماندا قىزىل نۇر چاچاتتى. رامۇ كېمىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن بولسىمۇ، كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى.
— سەن قىزىل كىتنى كۆرۈپ باققانمۇ؟— سورىدى ئۇ.
— كۆرۈپ باققسان، — زادى كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ شۇنداق جاۋاب بەردىم.
— مەن كۆرگەن كىتلارنىڭ ھەممىسى سۇر رەڭدە ئىدى، — دېدى ئۇ.
— سەن تېخى كىچىك تۇرساڭ، قانداقمۇ دېڭىزدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن بولىسەن؟
رامۇ قولىغا بىر ئوچۇم ياۋا ئۆتىياشنى ئېلىپ، سېۋەتكە سالغىلى كەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئاغزىنى شۇنداق چوڭ ئاچتىكى، بىرئازدىن كېيىن يەنە يېپىۋالدى.
— قولۋاق! — ۋارقىرىدى ئۇ، — بىر يوغان قولۋاق كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ قولۋاقلىرىمىزنى يىغىپ قوشسىمۇ ئۇنىڭچىلىك چىقمايدۇ، قىزىل رەڭلىككەن تېخى.

رامۇ ئۇنىڭ قولۋاق ياكى كېمە بولۇشىغا پەرۋا قىلماي، شارتلا قىلىپ قولىدىكى ياۋا ئوتياشنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، يۈگۈرۈپ چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

مەن ياۋا ئوتياش كولاۋەردىم. بىراق، ئىككى قولۇم ئىختىيارسىز تىترەيتتى. راست گەپنى دېسەم، مەن ئىنىمدىنمۇ بەك ھاياجانلانغانىدىم. ئۇنىڭ كېمە ئىكەنلىكىنى، قانداقتۇر قولۋاق ئەمەسلىكىنى، يەنە كېلىپ، بىر كېمىنىڭ كېلىشى بىلەن بىر تالاي ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مېنىڭمۇ تاياقنى تاشلاپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆرگۈم كەلدى، بىراق كەنتتىكىلەرنىڭ ياۋا ئوتياشقا موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

مەن سېۋەتنى لىق توشتۇرۇپ بولغاندا، ئالېيۇتلارنىڭ كېمىسى بىزنىڭ ئارالنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ، مارجان قولتۇقىدىكى غايەت زور ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ بولغانىدى. «ئالېيۇتلار كەپتۇ» دېگەن خەۋەر بىر دەمدىلا كالاس ـ ئات كەنتىمىزگە يېتىپ بارغانىدى. كەنتىمىزدىكى ئەرلەر قوللىرىغا قوراللىرىنى ئېلىپ، دېڭىز بويىغا چىقىدىغان يول بىلەن، ئۇچقاندەك كەلدى. كەنتتىكى ئاياللار تاغ باغرىغا يىغىلىۋالدى.

مەنمۇ ئاۋۋال قويۇق چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ، ئاندىن جىلغىدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، دېڭىز بويىدىكى قىيانىڭ ئۈستىگە چىقىپ دۈم يېتىۋالدىم. تۆۋەن تەرەپ دېڭىز ئىدى. بۇ دېڭىز دولقۇنى يانغان چاغ بولۇپ، كۈن نۇرىدا ساھىلدىكى ئاپئاق قۇم چاقنايتتى. مۇبادا چاقىرىلمىغان مېھمانلار يامان غەرەزدە بولسا، كەنتىمىزدىن كەلگەن ئەرلەرنىڭ يېرىمى دېڭىز ساھىلىغا، قالغان يېرىمى چىغىر يولنىڭ ئايىغىدىكى قورام تاشلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرغانىدى.

قىيادىن چۈشۈپ كەتمەي دەپ پاكار چاتقاللىق ئارىسىدا

مەھكەم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ھەم ئوبدان يوشۇرۇنۇپ، تۆۋەندە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئېنىق ئاڭلاپ، ئوچۇق كۆرمەكچى بولدۇم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، كېمىدىن بىر قېيىق چۈشۈرۈلدى. قېيىقتا ئالتە ئەر پالاقنى ئۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يۈزى كەڭ، مايلاشقان قاپقارا پارقىراق چاچلىرى، ئۇزۇنلۇقىدىن كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. ئۇلار يېقىن كەلگەندىن كېيىن، بۇرنىدىكى ئۈستىخاندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمنى كۆردۇم.

ئۇلارنىڭ كەينىدە سىبىرىق ساقاللىق بىر ئادەم ئولتۇراتتى. بۇنداق رۇسلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم، لېكىن دادام ماگا رۇسلار توغرۇلۇق پاراڭ سېلىپ بەرگەنىدى. سىبىرىق ساقاللىق ئادەم خۇددى بۇ يورت ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەندەك، پۇتلىرىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە، كىچىك يورتقا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنى شىمال تەرەپتىن كەلگەن، بىز قورقىدىغان كىشىلەردىن بىرىمىكىن دەپ دەرگۇمانىدا بولدۇم. قېيىق قىرغاققا يېقىنلىغاندىن كېيىن، ئۇلار قېيىقتىن چۈشۈپ ئالتاغىل ۋارقىراشقىلى تۇردى، شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ رۇسلار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

ئۇلارنىڭ تىلى باشقىچە ئىدى، مەن ئاڭلىغان ھەرقانداق تىلغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قولتۇقتىكى تاشلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. كېيىن ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن تىنچلىق ئۈچۈن كەلدىم، سىلەر بىلەن سۆزلىشىشنى خالايمەن، — دېدى ئۇ قىرغاقتىكى ئەرلەرگە.

ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. بۇ چاغدا قورام تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈنىۋالغان دادام يانتۇلۇقتىن چۈشۈپ، نەيزىسىنى قۇمغا پاتۇرۇپ قويدى - دە:

— مەن كالاس - ئاتلىقلارنىڭ ئاقساقىلى، ئىسمىم

كېۋنگ، ــ دېدى.

دادامنىڭ يات كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاشكارىلىغانلىقىدىن بەكمۇ ھەيران قالدىم. بىزنىڭ قەبىلىدە، ھەممە ئادەمنىڭ ئىككى ئىسمى بولاتتى، ھەقىقىي ئىسمى مەخپىي تۇتۇلۇپ، بەك ئاز ئىشلىتىلەتتى. يەنە بىرى ئادەتتىكى ئىسمى ئىدى. ئەگەر باشقىلار داۋاملىق مەخپىي ئىسمىڭىز بىلەن چاقىرسا، ئەتىۋارى قالمايتتى، سېھرىي كۈچى يوقىلاتتى. شۇڭا، كىشىلەر مېنى «ۋون - ئا - پا - لېي» (won - a - pa - lei) دەپ چاقىراتتى. مەنىسى قارا سۇمبۇل چاچ قىز بولۇپ، مەخپىي ئىسمىم كارانا، دادامنىڭ مەخپىي ئىسمى كېۋنگ ئىدى. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا يوچۇن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ مەخپىي ئىسمىنى دەپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم.

بۇ رۇسىيەلىك يېسىگىنىدە كۈلۈپ، بىر قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى كاپىتان ئورلوف دەپ تونۇشتۇردى. داداممۇ بىر قولىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرمىدىم. جاۋابەن كۈلۈمسىرىدىمۇ - يوق بىلمىدىم.

ــ مەن قىرىق ئادەمنى باشلاپ كەلدىم، ــ دېدى رۇسىيەلىك، ــ بىز قاما ئوۋلىغىلى كەلدۇق. بىز ئوۋ جەريانىدا ئارىلىقلاردا چېدىر تىكىپ بىر مەزگىل تۇرماقچىدۇق.

دادام گەپ قىلمىدى. ئۇ كاپىتان ئورلوفتەك بويى ئېگىز بولمىسىمۇ، بەكلا قاۋۇل ئادەم ئىدى. ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ ئۇ يەردە رۇسىيەلىكنىڭ گېپىنى ئويلاۋاتاتتى، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى، چۈنكى ئاليۇتلار بۇرۇنمۇ قاما ئوۋلاش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ بەك بۇرۇنقى ئىش ئىدى، لېكىن دادام يەنىلا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

ــ ئالدىنقى قېتىملىق ئوۋ ئېسىڭىزگە كەلدى بولغاي، ــ دېدى كاپىتان ئورلوف دادامنىڭ گەپ قىلماي جىم تۇرغانلىقىغا

قاراپ، — ئۇ ۋەقەنى مەنمۇ ئاڭلىغان. ئۇ ۋەقەنى كاپىتان مىتلېف باشلاپ كەلگەن ئەترەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ قاپاقباش ئادەم، ئۆلۈپ كەتتى. ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش، ئۇ سىز بىلەن قەبىلىگىزدىكى كىشىلەرگە قاما ئوۋلاپ بېرىشنى كۆتۈرە بەرگەنلىكتىن كېلىپ چىققان.

— بىز ھەقىقەتەن قاما ئوۋلىغان، — دېدى دادام، — سىز قاپاقباش دەپ ئاتىغان ئۇ كىشى بىزنى ئۇزاق مەزگىل ئوۋ ئوۋلاشقا سالغان. بىزنى ئارام ئالغىلى قويمىغان.

— بۇ قېتىم ھېچقانداق ئىش قىلمايسىلەر، — دېدى كاپىتان ئورلوف، — ئىشنى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قىلىدۇ. ئوۋلىغان قامىلاردىن سىلەرگىمۇ بۆلۈپ بېرىمىز. ئوۋلىغان قامىلارنى ھېسابلاپ ماددىي بۇيۇم بېرىمىز، ئۇچتىن بىر قىسمى سىلەرنىڭ بولىدۇ، ئۈچتىن ئىككى قىسمى بىزنىڭ بولىدۇ.

— يېرىمدىن بولسا توغرا بولىدۇ، — دېدى دادام.

كاپىتان ئورلوف كۆزلىرىنى دېڭىزغا تىكىپ:

— لاقا - لۇقىلىرىمىزنى بۇ يەرگە بىخەتەر ئەپچىقىۋالغاندىن كېيىن پاراڭلىشايلى، — دېدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ سەل شامال چىقىۋاتاتتى. بىراق ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە بوران - چاپقۇن چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، مەن رۇسىيەلىكلەرنىڭ نېمىشقا لاقا - لۇقىلىرىنى ئالدىراپ بىزنىڭ ئارالغا يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم.

— ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا كېلىشىۋالايلى، — دېدى دادام.

كاپىتان ئورلوف كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ، دادامغا قارىدى - دە:

— ئىشنى بىز قىلىمىز. يەنە كېلىپ بۇ ئىش بەك خەتەرلىك. ئۈچتىن بىرىنى سىلەرگە بېرىمىز دېگىنىمىز ئادىل بولدى، —

دېدى.

دادام بېشىنى چايقىدى.

— دېگىنىز سىلەرنىڭ ئەمەس، ئۇنداق بولغانىكەن نېمىشقا سىلەرگە بىر ئۆلۈش بۆلۈپ بەرگۈدەكمىز؟— دېدى رۇسىيەلىك ساقىلىنى تۇتۇپ قويۇپ.

— كۆك دېڭىزنىڭ ئارىلىنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز تەۋەلىكى بىزنىڭ، — دېدى دادام مۇلايىملىق بىلەن، ئۇ خاپا بولغان ۋاقىتتا مۇشۇنداق گەپ قىلاتتى.

— سىز مۇشۇ يەردىن تاكى سانتا - بارابارا دېڭىز قىرغىقىغىچە بولغان يىگىرمە لىگىنىڭ سىرتىنى دېمەكچىمۇ؟

— ياق، پەقەت بۇ ئارال بىلەن تۇتاش سۇ تەۋەلىكى بىلەن قامىلار توپلاشقان جاينى دەۋاتىمەن، — دېدى دادام.

كاپىتان ئورلوف بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇردىدى. ئۇ ساھىلدا تۇرغان ھەم قورام تاشلارنىڭ كەينىدىن چىققان ئادەملەرنى كۆرۈپ، دادامغا بىر قارىۋېتىپ، مورىسىنى چىقاردى - دە، توساتتىنلا ئۆزۈن چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ:

— بوپتۇ، يېرىمدىن بۆلۈشەيلى — دېدى.

ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگىنىنى ئاڭلىيالمىدىم. چۈنكى، بۇ چاغدا ھاياجانلىنىپ كېتىپ، بىر تاشنى دومىلىتىۋەتتىم، تاراس - تۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تىك جىلغىدىن تاش چۈشۈپ كەتتى، مەنمۇ دومىلاپ دەل دادامنىڭ يېنىغا چۈشتۇم. ساھىلدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا قارىدى. ئاستاغىنە پاكار دەرەخلىكتىن ئۆتۈپ، بار كۈچۈم بىلەن تاغقا قاراپ يۈگۈردۈم.

## ئىككىنچى باب

# توقۇنۇش پەيدا قىلغان ئاق ئوكۇن

كاپىتان ئورلوف بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى شۇ كۈنى كەچتە ئارالغا كۆچۈپ چىقتى. ئۇلار لاقا ـ لۇقىلىرىنى كېمە بىلەن مارجان قولتۇق ساھىلى ئارىسىدا نەچچە قېتىم قاتراپ، مىڭ تەسلىكتە يۆتكەپ بولدى. بۇ بىر پارچە ساھىل بەك كىچىك بولغاچقا، دېڭىز سۈيى ئۆرلىسىلا ئۇنى پۈتۈنلەي سۇ بېسىپ كېتەتتى. ئۇ ئېگىزرەك بىر يەرگە چېدىر تىكمەكچى بولدى، دادام بۇنىڭغا قوشۇلدى.

بەلكىم بۇ ئارالنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ، يەر شەكلىدىن، كەنتىمىزنىڭ ئورنىدىن، شۇنداقلا پۈتكۈل يازدا ئالېيۇتلارنىڭ قانداق يەردە چېدىر تىكىپ تۇرىدىغانلىقىدىن سىزنى خەۋەردار قىلىشىم زۆرۈر بولسا كېرەك.

بىزنىڭ ئارالنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى لېگ، كەڭلىكى بىر لېگ كېلىدۇ. ئەگەر ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاغنىڭ تۆپىگە چىقىپ قارىسىڭىز، ئۇنى بېلىقا ئوخشىتىسىز. يەنى ياتقان دېلفىنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى كۈنچىقىشقا، بۇرنى كۈنپېتىشقا قارايدۇ. ئۇنىڭ قانىتى بولسا يوشۇرۇن خادا ۋە قىيا تاش. بۇ ئارال يېگى بايقالغاندا، بىرى تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ شەكلىگە قاراپ كۆك دېلفىن ئارىلى دەپ ئىسىم قويىدىمۇ۔

يـوق بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. بىزنىڭ بۇ دىڭىزدا نۇرغۇن دېلفىن ياشايدۇ، شۇڭا بۇ ئىسمىنى قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىز بۇ ئارالنى مۇشۇنداق دەپ ئاتايمىز.

بىزنىڭ ئارالغا كەلسەك، مېنىڭچە ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەردە چىقىپ تۇرىدىغان شامال دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. ئادەتتە كۈندە دېگۈدەك شامال چىقىدۇ. بەزىدە غەربىي شىمال شامىلى چىقسا، بەزىدە شەرق شامىلى چىقىدۇ. ئارىلاپ - ئارىلاپ جەنۇب شامىلىمۇ چىقىدۇ. جەنۇب شامىلىدىن سىرت، باشقا شاماللارمۇ بەك كۈچلۈك چىقىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك، بۇ يەرنىڭ تاغلىرى تاقىر، دەل - دەرەخلىرى دوڭغاق ھەم پاكار. ھەتتا مارجان قولتۇقى جىلغىسىدىكى دەرەخلەرمۇ شۇنداق.

كالاس - ئات كەنتى بىر پاكار چاسا تاغنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، مارجان قولتۇقىغا يېقىن. كەنتتە بەكمۇ ياخشى بۇلاق بار. كەنتنىڭ شىمال تەرىپىدىن يېرىم لىگ يىراقلىقتىكى جايدا يەنە بىر بۇلاق بار. ئالىيۇتلار چېدىرىنى شۇ يەرگە تىكتى. ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى تېرىدىن قىلىنغان بولۇپ، بەكمۇ پەس بولغاچقا، ئالىيۇتلار چېدىرىغا يەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئۆمىلەپ كىرىدىكەن. قاش قارايغاندا بىز ئۇلارنىڭ گۈلخان ياققىنىنى كۆردۇق.

شۇ كۈنى كەچتە، دادام كالاس - ئات كەنتىدىكى ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ چېدىرىغا يېقىن بارماڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

— ئالىيۇتلار شىمال تەرەپتىكى بىر دۆلەتتىن كەلگەن، — دېدى دادام، — ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ، تىلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلار قاما تۇتقىلى كەلگەن. ئۇلار ئوۋلىغىنى بويىچە بىزگە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى بېرىدۇ، بۇ نەرسىلەر بىزگە بەك لازىم، شۇڭا بۇ بىزگە پايدىلىق. ئەگەر ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىمىز دېسەك، بۇ بىزگە پايدىسىز. ئۇلار

دوستلۇقنى بىلمەيدىغان كىشىلەر. ئۇلار بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەر ئەمەس. بىراق، ئۇلار نەچچە يىل بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ، بىزگە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەن ئادەملەر بىلەن بىر قەبىلىدىن، — دادامنىڭ گېپىنى ھەممەيلەن ئاڭلىدى. بىز ئالىيۇتلارنىڭ قارارگاھىغا بارمىدۇق، ئۇلارمۇ بىزنىڭ كەنتكە كەلمىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى يەۋاتقانلىقىنى، تاماقنى قانداق ئېتىدىغانلىقىنى، ھەر كۈنى قانچىلىك قاما ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا باشقا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىپ تۇراتتۇق، چۈنكى ئۇلار ئوۋغا چىققاندا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قىيانىڭ ئۈستىدە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇلار قارارگاھىغا قايتىپ كەلگەندىمۇ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز جىلغىدا تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزىتەتتى.

مەسىلەن، رامومۇ كاپىتان ئورلوف توغرۇلۇق بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندى.

— ئۇ سەھەردە چېدىردىن چىقىپ، بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ساقىلىنى تارىدى. تاكى قارنا قانتىدەك پارقىرىغۇچە توختىماي تارىدى، — دېدى رامو.

مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئۇلاپا ئاچام ناھايىتى غەلىتە خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئوۋچىلار ئارىسىدا بىر ئالىيۇت قىزنى كۆرگەنلىكىنى دېدى.

— ئۇنىڭ ئۈچىسىدا باشقا ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش تېرە كىيىم بار ئىكەن، — دېدى ئۇلاپا ئاچام، — بېشىدا تېرە بۆك بار ئىكەن، بۆكىدىن بېلىگە كېلىدىغان قويۇق ئۇزۇن چاچلىرى چىقىپ تۇرىدىكەن.

ئۇلاپانىڭ گېپىگە ھېچقايسىمىز ئىشەنمىدۇق. ھەممەيلەن ئوۋچىلار ھەرگىزمۇ ئايالنى ئېلىۋېلىپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك

تاپمايدۇ، بۇ تولىمۇ كۆلكىلىك دەپ قارىدى.

ئالىيۇتلارمۇ بىزنىڭ كەنتىمىزنى كۆزىتىۋاتاتتى. بولمىسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىزنىڭ تەلىيىمىز كەلگىنىنى بىلمەيتتى.

بۇ مۇنداق ئىش ئىدى. باش باھار بىلىق تۇتۇشنىڭ ياخشى پەسلى ئەمەس. دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز يۈزى بىلەن قىش پەسلىدىكى شامال دولقۇنى بېلىقلارنى دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلاتتى. بېلىقلار كىلىمات مۇقىم بولغاندا، ئاندىن دېڭىز يۈزىگە چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيتتى. دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايىدا بېلىق تۇتماق تەس، ئەلۋەتتە. بۇ جەرياندا كەنتتىكىلەر يېمەكلىكنى بەك تېجەپ يەيتتى. يەيدىغان يېمەكلىكنىڭ كۆپىنچىسى كۈزدە يىغىۋېلىنغان ئوزۇقلار ئىدى.

بوران - چاپقۇن بولغان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇلاپا بىزگە بىر ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلاپا زادىلا جىم تۇرالمايدىغان قىز ئىدى. ئۇ ئارالنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر تۇمشۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئۇ يەردە بىرئاز خىيىت تەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر تىك قىياغا چىقىشىغا، كەينىدىن بىر غايەت زور ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

باشتا ئۇ بۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى ئاڭقىرالماپتۇ، بۇنى تاغ شامىلى غاردىن ئۆتكەندە چىققان ئاۋازمىكىن دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز دېڭىز ئاستىدىكى ئاق كۆلەڭگىلەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ كۆلەڭگىلەر مىدىرلاۋاتقانىكەن. سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ئەسلىدە بىر توپ ئوكۇن بېلىقلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئوكۇن بېلىقلىرىنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ بويىدەك كېلىدىكەن. بۇ ئوكۇن بېلىقلىرى كىتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىكەن. ئاچ قالغان كىتلار تېيىۋېلىپ تۇتالمىغاندا، ئوكۇن بېلىقلىرىنى يەيتتى. ئوكۇن بېلىقلىرى كىتنىڭ ھۇجۇمىدىن

قوتۇلماقچى بولۇپ، جىنىنىڭ بارىچە قىرغاققا قاراپ كېلىۋاتقانىكەن، جىددىيلەشكىنىدىن سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى خاتا مۆلچەرلىگەن، نەتىجىدە دېڭىز سۈيى ئۇلارنى تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

ئۇلاپا قولىدىكى خىيىت يىغقان سېۋەتنى تاشلاپلا كەنتكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. كەنتكە كەلگەن ۋاقتىدا، نەپىسى يېتىشمەيلا قاپتۇ، پەقەت قولى بىلەن ساھىلنى كۆرسىتىپ، بىرنېمىلەرنى دەپتۇ.

ئاياللار تاماق ئېتىۋاتقانىكەن. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ، ئۇنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپتۇ.

— بىر توپ ئوكۇن بېلىقلىرى، — ئۇ ئاخىر زۇۋانغا كەپتۇ.

— قەيەردە، قەيەردە؟— دەپ سوراپتۇ كۆپچىلىك.

— تۇمشۇق تەرەپتە. ئۇن نەچچە، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر.

ئۇلاپانىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا، بىز دېڭىز بويىغا چاپتۇق. بېلىقلار دېڭىزغا قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن ياكى دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆلگۈرۈپ بېرىشقا ئالدىرىدۇق.

قىياغا كېلىپ تۆۋەنگە قارىدۇق. بىر توپ ئوكۇن بېلىقلىرى تېخىچە تۇمشۇقتا بار ئىكەن. ئۇلار كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل يالتىرايتتى، لېكىن دېڭىز تاشقىنى كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ زور دېڭىز دولقۇنى بېلىقلارنى ئۇرۇشقا باشلىغانىدى، ئەمدى كېچىكىشكە بولمايتتى. بىز ئۇلارنى بىر - بىرلەپ دېڭىز سۈيى يېتەلمەيدىغان يەرگە سۆرەپ ئاپاردۇق. ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، ئىككى ئايال بىر بولۇپ بىر بېلىقنى كۆتۈرۈپ، بېلىقلارنى ئاۋۋال قىيانىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ، ئاندىن ئۆيگە ئەپكەتتۇق.

بۇ بىلىقلار بىزنىڭ قەبىلىدىكى ھەممەيلەننىڭ بوگۇنكى كەچلىك تامىقى بىلەن ئەتە كەچلىك تامىقىغا يېتەتتى. بىراق، ئەتىسى ئەتىگەندە ئىككى ئالىيوت كەنتىمىزگە كېلىپ، دادام بىلەن پاراڭلىششنى تەلەپ قىلدى.

— سىلەردە بېلىق باركەن، — دېدى بىرى.

— پەقەت ئۆزىمىزگىلا يېتىدۇ، — دېدى دادام.

— سىلەردە ئون تۆت تال بېلىق باركەن، — دېدى بىر ئالىيوت.

— بىزدە ھازىر يەتتىسى قالدى. يەتتىنى يېۋەتتۇق.

— يەتتە تالنىڭ ئىچىدە ئىككىنى ئاشۇرۇپ قويساڭلار بولىدۇ.

— قارارگاھىڭلاردا قىرىق نەچچە ئادەم بار، — دېدى دادام، — بىزنىڭ ئادىمىمىز تېخىمۇ كۆپ. يەنە كېلىپ، سىلەردە بېلىق بار. سىلەر قۇرۇتۇلغان بېلىق ئېلىپ كەلگەن.

— قۇرۇتۇلغان بېلىقنى يەۋېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ چىقىپ كەتتۇق، — دېدى ئالىيوت.

ئۇ پاكار ئادەم بولۇپ، دادامنىڭ مۈرىسىگە كېلەتتى. بىر جۈپ كۆزى ئىككى دانە قارا شېغىل تاشنى ئەسلىتەتتى. نېپىز كالپۇكى تاش پىچاقنىڭ بىسىدەك نېپىز ئىدى. يەنە بىر ئالىيوتنىڭ تۇرقىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى.

— سىلەر ئوۋچى، — دېدى دادام، — ھازىر يەۋاتقان نەرسەڭلاردىن چىقىپ قالغان بولساڭلار، ئۆزۈڭلار تۇتۇپ يېسەڭلار بولىدۇ. مەنمۇ ئادەملىرىمنى ئويلىمىسام بولمايدۇ.

— بېلىقنى بىز بىلەن ئورتاقلىششنى رەت قىلغىنىڭىزنى كاپىتان ئورلوفقا دەيمىز.

— بولىدۇ، بېرىپ ئۇنىڭغا دەڭلار، — دېدى دادام، — بىراق بىزنىڭ رەت قىلىش سەۋەبىمىزنىمۇ دەپ قويۇڭلار.

بۇ ئالىيوٗت ھەمراھىغا بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇرىدى، ئاندىن كالتا پۇتلىرى بىلەن چوڭ قەدەم تاشلاپ، كەنت بىلەن قارارگاھ ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، بىز قالغان ئاق ئوكۇن بېلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېۋەتتۇق. كۆپچىلىك تولىمۇ خۇشال بولدى. بىز بېلىق يەپ، ناخشا ئېيتىپ، ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بوۋايلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقاندا، بۇ قېتىملىق ئامەتنىڭ كالاس - ئاتقا بالا - قازا ئېلىپ كېلىدىغىنىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدۇق.



# ئۈچىنچى باب

## ئالىيۇتلارنىڭ قاما ئوۋلىشى

ئۈچ تەرىپى ئارال بىلەن ئورالغان كەڭ كەتكەن دېڭىز ئۆتكەل ئوسسۇملۇكلىرى ساھىلغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، تاكى بىر لېگ دېڭىز يۈزىگىچە سوزۇلاتتى. بوران قاتتىق چىققان كۈنلەردىمۇ ئالىيۇتلار دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا قاما تۇتاتتى. ئۇلار سەھەردىلا قېيىقلىرىغا ئولتۇرۇپ قىرغاقتىن ئايرىلسا، كەچ كىرگەندە ئاندىن ئوۋلىغان قاملارنى سۆرەپ قايتىپ كېلەتتى.

قاملار سۇ ئۈزگەندە، تېيۇلېنغا ئوخشاپ قالاتتى، لېكىن تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇرنى تېيۇلېننىڭكىدىن قىسقا، ئۈزۈش پەردىسى بولغان بىر جۈپ قىسقا پۇتلىرى تېيۇلېننىڭ كەڭ ئۈزۈش پەردىسى بىلەن ئوخشىمايتتى. تۈكى تېيۇلېننىڭكىدىن قويۇق ھەم چىرايلىق ئىدى. قاملار دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدە ئوگدىسىغا يېتىۋېلىشقا ئامراق ئىدى. سۇ بىلەن تەڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولاتتى. بىر بولسا ئاپتاپقا قاقلىناتتى، بىر بولسا ئۇخلايتتى. ئۇلار دېڭىزدىكى ئەڭ ئويۇن قېپى ھايۋان ئىدى.

ئالىيۇتلار دەل مۇشۇ ھايۋاننىڭ تېرىسىنى سويىۋالاتتى.

مەن قىيادا تۇرۇپ قېيىقلارنىڭ دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدە ئۇيائقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. سۇ يۈزىنى ھېلىلا يېرىپ ئۆتكەن نەيزە خۇددى ئوقيادەك ئۇچۇپ يۈرەتتى. قاراڭغۇ

چۈشكەندىن كېيىن، ئۇۋچىلار ئوۋلىغانلىرىنى مارجان قولتۇقىغا ئېلىپ كېلەتتى - دە، ساھىلدىلا قاملارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، گۆشىنى ئايرىۋالاتتى. نەيزە ئۇچىنى بىلەيدىغان ئىككى ئەر بۇ خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدە يورۇتۇلغان ئوتتىن پايدىلىنىپ، تاكى يېرىم كېچىگىچە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇراتتى. سەھەردە دېڭىز ساھىلىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىسى سويۇۋېلىنغان قاملارنىڭ توشۇپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. دېڭىز سۈيى ھەممە يەرنى قان بىلەن بويىۋېتەتتى.

قەبىلىدىكى نۇرغۇن ئادەم كۈندە دېگۈدەك قىياغا بېرىپ، ئۆلتۈرۈلگەن قاملارنىڭ سانىنى ئالاتتى. ئۇلار ئۆلۈك قاملارنى ساناۋېتىپ، بىر تېرىنىڭ قانچىلىك مارجانغا يارايدىغانلىقى ۋە باشقا نەرسىلەر توغرۇلۇق ئويلىناتتى. مەن دېڭىز قولتۇقىغا زادىلا بارمايتتىم، ئۇۋچىلارنىڭ نەيزىسىنىڭ سۇنى يېرىپ ئۆتكىنىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئاچچىقىم كېلەتتى. چۈنكى، بۇ ھايۋانلار مېنىڭ دوستلىرىم ئىدى. ئۇلارنىڭ دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدە ئۈزۈپ ئوينىغانلىقىنى، ئاپتاپقا قاقلانغانلىقىنى كۆرۈش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى - ھە؟! بۇ مارجان تېپىۋېلىپ بوينۇمغا ئېسىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغىنىمدىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، مەن بۇ ئويۇمنى دادامغا دېدىم.

— مارجان قولتۇقى ئەتراپىدىكى قاملار ئاز قالدى، — دېدىممەن، — ئالېيۇتلار ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ ئۆلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— ئارال ئەتراپىدىكى باشقا يەرلەردە يەنە نۇرغۇن قاملار توپلىشىپ ياشايدۇ، — دېدى دادام نادانلىقىمغا كۈلۈپ، — ئۇۋچىلار كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە كېلىدۇ.

— بىرىمۇ قالمايدۇ، — دېدىممەن، — ئۇۋچىلار ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋېتىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇلار جەنۇب تەرەپتە

ئوۋلىدى. كىلەر ھەپتە ئۇلار يەنە باشقا يەرگە يۆتكىلىپ ئوۋنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

— ئۇلارنىڭ كىمىسى تېرە بىلەن لىق توشتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئالىيۇتلار بۇ يەردىن كېتىدۇ.

ئىشىنىمەنكى، دادام ئۇلارنى ئارالدىن تېز ئايرىلىدۇ دەپ قالدى. ئىككى كۈن ئاۋۋال دادام بىزنىڭ كەنتتىكى بىر تۈركۈم ياشلارنى ساھىلغا بېرىپ، بىر يۇمىلاق ياغاچتىن قولۋاق ياساشقا ئەۋەتكەنىدى. بۇ ياغاچ دېڭىزدىن لەيلەپ كېلىپ قالغانىدى.

دېڭىز شامىلى ئۇرۇپ تۇرغان بولغاچقا، بۇ ئارالدا ئايىنىمغان پاكار دەل - دەرەخلەردىن باشقا دەرەخ يوق ئىدى. ناگاندا بىر مۇشۇنداق ياغاچلار قىرغاققا لەيلەپ چىقىپ قالاتتى. كۆپچىلىك ياغاچنى كۆتۈرۈشۈپ كەنتكە ئېلىپ كېلەتتى، ئاندىن تاشقىن ئېلىپ كېتەلمەيدىغان يەردە قولۋاق ياسايتتى. دېڭىز قولتۇقىغا ياغاچنى ئويغىلى كەتكەنلەر كېچىدە ياغاچنىڭ ئويۇلغان يېرىدە ئۇخلايتتۇ. يەنى ئۇلار شۇ يەردە ئالىيۇتلارنى كۆزەتتى دېسەك بولىدۇ. مۇبادا كاپىتان ئورلوف بىزنىڭ ئالدىغان ھەققىمىزنى بەرمەي كېمىنى ھەيدەپ قاچماقچى بولسا، ئۇلار دەرھال سىگنال بېرەتتى.

ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىشاتتى. شۇڭا، دېڭىز قولتۇقىدا ئۇلارنىڭ كېمىسىنى كۆزەتكەندىن باشقا يەنە باشقا ئادەملىرىمىز ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا كۆز - قۇلاق بولۇشاتتى.

ھەر ۋاقىت خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلاپانىڭ دېيىشىچە، بىر چۈشتىن كېيىن ھىلىقى ئالىيۇت ئايال تېرە پەرتۇقىنى ئولتۇرۇپ يۇيۇپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى زادى كىر - قات يۇمىغانىكەن. بىر كۈنى سەھەردە، رامۇ كاپىتان ئورلوفنىڭ يوتىلىن زېھنىنى يىغىپ ساقىلىنى ياساۋاتقانلىقىنى

كۆرگەنلىكىنى دېدى. شۇڭا، ئۇ يېڭى كەلگەن چاغدىكىدەك كۆرۈنۈپتۇ. نەيزىنىڭ ئۇچىنى بىلەيدىغان ئالىيۇتلار ئىشىنى توختىتىپ، پۈتۈن ۋاقتىنى كەچقۇرۇندا ئوۋلاپ كەلگەن قاملارنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىشقا قارىتىپتۇ. بىزنىڭ كالاس - ئاتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كاپىتان ئورلوف ئوۋچىلىرىنى ئېلىپ ئارالدىن كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولدى. ئۇ بىزنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىمىزنى بەرمەي، يېرىم كېچىدە ئوغرىلىقچە قېچىپ كېتەرمۇ؟ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىنى چوقۇم قوراللىق ئالارمۇ؟

ئالىيۇتلار ئارالدىن كېتىش تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى. دادامدىن باشقا ھەممەيلەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەقەت دادام ھېچنېمە دېمىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە يېڭى نەيزە ياساش بىلەن ئالدىراش يۈردى.



# تۆتىنچى باب

## ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ

ئالىيۇتلار ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى كەتتى. شىمال تەرەپتىكى چوڭقۇر دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن تاشقىن كۆك دېلفىن ئارىلىغا ئۇرۇلاتتى. بۇ تاشقىنلار قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئۇششاق چېچىلىپ كېتەتتى. نەرە تارتقاندەك ئاۋاز چىقىرىپ، ئۆڭكۈرگە ئۇرۇلۇپ، ئايىغاق بۇژغۇنلارنى ئېگىز - ئېگىزگە چاچرىتاتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن، چوقۇم بوران - چاپقۇن چىقاتتى.

تاڭ ئېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئالىيۇتلار تېرە چېدىرلىرىنى يىغىپ دېڭىز ساھىلىغا ئاپىرىپ قويدى.

كاپىتان ئورلوف دادام بىلەن دېيىشكەن ماددىي بۇيۇملارنى تاپشۇرمىدى. «ئوۋچىلار چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كېلىشى بىلەن تەڭ، قەبىلىدىكى ھەممە ئادەم كەنتتىن چىقىپ، ئالدىراپ - تېنەپ مارجان قولتۇقى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. ئەرلەر قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىدا ماڭدى. خوتۇن - قىزلار كەينىدىن ئەگەشتى. ئەرلەر قولتۇققا تۇتىشىدىغان چىغىر يولدىن چۈشۈپ كەتتى. خوتۇن - قىزلار بولسا قىيادىكى چاتقاللىق ئارىسىغا يوشۇرۇندى.

ئۇلاپا ئىككىمىز خېلىلا يىراقتىكى تۇمشۇققا كەلدۇق. يەنى ئوۋچىلار يېڭى كەلگەندە مەن مۆكۈنگەن جايغا كېلىۋالدۇق.

بۇ چاغدا دېڭىز تاشقىنى يانغانىدى. قورام تاشلار بىلەن تار دېڭىز ساھىلىنىڭ ھەممە يېرى توپ - توپ قىلىپ باغلانغان قاما تېرىسى بىلەن توشۇپتۇ. ئوۋچىلارنىڭ يېرىمى كېمىسىگە چىقىپ بوپتۇ. قالغانلىرى سۇدا قاملارنىڭ تېرىسىنى قېيىققا تاشلاۋاتاتتى.

ئالېيۇتلار خۇددى كۆك دېلفىن ئارىلىدىن كېتىدىغانلىقىدىن خۇش بولۇۋاتقاندەك، ئىش قىلغاچ كۈلكە - چاقچاق قىلىشاتتى.

دادام كاپىتان ئورلوف بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئوۋچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدا، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭلىيالمىدىم. بىراق، دادامنىڭ بېشىنى چايقاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلدىم.

— دادام خاپا بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇلايا كۇسۇرلاپ.

— تېخى خاپا بولمىدى، راستتىنلا ئاچچىقلانسا، قولىقىنى تارتىدۇ، — دېدىم.

قولىۋاقنى ياساۋاتقانلار ئىشىنى توختىتىپ، دادام بىلەن كاپىتان ئورلوفقا زەن سالدى. قەبىلىمىزدىكى باشقا ئەرلەر چىغىر يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ بولدى.

قاما تېرىلىرى لىق قاچىلانغان قېيىق كېمە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. قېيىق كېمىگە يېقىنلىشىشى بىلەن، ئورلوف كاپىتان قولىنى كۆتۈرۈپ سىگنال بەردى. قېيىق قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭدا قارا ساندۇق تۇراتتى، ئىككى ئوۋچى ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە قويدى. كاپىتان ئورلوف ساندۇقنى ئېچىپ، بىرنەچچە تال مارجاننى چىقاردى. مۇشۇ چاغدا ئاسماندىن زادى نۇر چۈشمىدى، لېكىن كاپىتان ئورلوف مارجاننى ئۇياق - بۇياققا پۇلاڭلاتقاندا، ئۇششاق مارجانلار ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ كەتتى. يېنىمدا تۇرغان ئۇلايا ھاياجانلانغىنىدىن نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. چاتقاللىق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئاياللارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدىم.

بىراق، دادام بېشىنى چايقىغىنىچە ساندۇققا دومبىسىنى قىلىپ ئولتۇپ كەتتى. شۇ چاغدىلا قىيقاس - چۇقان بېسىقتى. ئالىيۇتلار گەپ قىلماي بىر چەتتە تۇراتتى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز چىغىر يولنىڭ ئاغزىدىن ئالدىغا نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىدى. شۇ يەردە دادامنىڭ ئىشارىتىگە قاراپ تورۇشتى.

— بىر پارچە قاما تېرىسىگە بىر تىزىق مارجان بېرىدىغان بۇنداق سودىنى بىز قىلمايمىز، — دېدى دادام.

— بىر تىزىق مارجانغا يەنە بىر تال نەيزە ئۇچى قوشۇپ بېرەيلى، — دېدى كاپىتان ئورلوف ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ.

— بۇ ساندۇققا ئونچىلىك كۆپ پاتمايدۇ، — دېدى دادام.

— كېمىدە يەنە نەچچە ساندۇق بار، — دېدى رۇسىيەلىك.

— ھەممىسىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىڭلار، — دېدى دادام، — كېمەڭلەردە بىر يۈز بەش تاغار قاما تېرىسى بار. مانا بۇ يەردە يەنە ئون بەش تاغار بار. چوڭ - كىچىكلىكى مۇشۇنداق ساندۇقتىن ئۈچنى بېرىشىڭىز كېرەك.

كاپىتان ئورلوف قول ئاستىدىكىلەرگە بىز چۈشەنمەيدىغان تىلدا بىر نېمىلەرنى دېدى، بىراق ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى شۇئانلا چۈشەندىم. تار دېڭىز قولتۇقىدا يەنە بىرمۇنچە ئوۋچىلار بار ئىدى، ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا، ئۇلار قاما تېرىسىنى قىيىققا يۆتكەشكە باشلىدى.

يېنىمدا تۇرغان ئۇلاپا توختىماي پۇشۇلدايتتى.

— سېنىڭچە ئۇلار بىزگە ساندۇقتىن يەنە نەچچىنى بېرەر؟ — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

— ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.

— تېرىلەرنى كېمىگە ئاپىرىۋالسىلا، تىكىۋېتىشى مۇمكىن.

— چوقۇم شۇنداق قىلىشى مۇمكىن.

ئوۋچىلار دادامنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن قىيىققا

چىقالايتتى. بىرىنچىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، دادام دەرھال ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى.

— قالغان تېرىلەرنى نېمىلا بولسۇن قويۇپ تۇرمىساڭلار بولمايدۇ، — دېدى دادام كاپىتان ئورلوفقا قاراپ، — ساندۇقنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ.

رۇسىيەلىك قەددىنى رۇسلاپ، قولى بىلەن ئارال تەرەپكە كېلىۋاتقان بۇلۇتنى كۆرسىتىپ:

— بوران - چاپقۇن يېتىپ كەلگۈچە مالنى قاچىلاپ بولمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— بىزگە يەنە بىرنەچچە ساندۇق بېرىڭلار، ئاندىن مالنى قولۋاق بىلەن توشۇپ بېرىمىز، — دېدى دادام.

كاپىتان ئورلوف ئۈنچىقمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قولتۇق تەرەپكە ئالدىرىماي يۆگۈرۈتۈپ چىقتى. ئۇ بىزنىڭ ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى تۇمشۇقتا تۇرغان ئادەملىرىمىزگە، ئاندىن قىيادا تۇرغان ئادەملىرىمىزگە بىر قۇر كۆز يۆگۈرۈتكەندىن كېيىن، دادامغا قارىدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى.

كىمنىڭ ئاۋۋال قول كۆتۈرگىنىنى بىلمەيلا قالدىم. ئاۋۋال دادام ئۇۋچىنى توسۇۋالدىمۇ ياكى خالتا ئېسىۋالغان ئۇۋچى ئېتىلىپ، دادامنى بىر ياققا ئىتتىرىۋەتتىمۇ بىلمىدىم. بۇ ئىشلار بەكمۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە، زادىلا ئاڭقىرالماي قالدىم. مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم، ئۇلارپا قاتتىق چىرقىرىۋەتتى، قىيانىڭ ئەتراپىدىن ئەكس سادا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قورام تاشنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ مېنىڭ دادام ئىدى، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا - ئاستا تۇرۇۋاتاتتى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز نەيزىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تۇمشۇقتىن

ئېتىلىپ چۈشتى. كېمىنىڭ پالوبىسىدىن ئاپئاق تۈتەك چىقتى. غايەت زور ئاۋاز قىيادا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. بىزنىڭ بەش جەڭچىمىز يەردە قىمىر قىلماي ياتاتتى. ئۇلارپا يەنە بىرنى چىرقىراپ، بىر تال تاشنى توۋەنگە قارىتىپ ئاتتى. تاش كاپىتان ئورلوفنىڭ يېنىغا چۈشتى - يۇ، ئۇنىڭغا تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن قىيانىڭ ئۈستىدىن توۋەنگە نۇرغۇن تاش ئېتىلدى. بىرنەچچە ئوۋچىغا تەگدى. جەڭچىلىرىمىز ئېتىلغىنىچە بىرىپ ئۇلارنى يەرگە بېسىپ، تازا ئۇرۇپ ۋاي داد دېگۈزۈۋەتتى.

ئۇلارپا ئىككىمىز قىيانىڭ ئۈستىدە ئۇلارغا قاراپ تۇردۇق، قانداق قىلارىمىزنى بىلەلمىدۇق. تاش ئاتساق جەڭچىلىرىمىزگە تېگىپ كېتىشتىن قورقتۇق.

ئالىيۇتلار قاما تېرىلىرى قاچىلانغان قاپلىرىنى تاشلاپ، بىلىدىن پىچاقنى سۇغۇردى. جەڭچىلىرىمىز ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھىلدا قىر - چاپ باشلىنىپ كەتتى. بەزىلەر قۇمدا يېتىپ قالسىمۇ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىدىن قىر - چاپقا ئارىلاشتى. يەنە بەزىلەر شۇ ياتقىنىچە قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى، دادام دەل شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئىدى.

بىر ۋاققىچە بۇ جەڭدە بىز يېڭىۋالىدىغاندەك بىلىنگەنىدى، لېكىن جەڭ باشلىنىش بىلەنلا، كېمىگە كەتكەن كاپىتان ئورلوف يەنە بىرمۇنچە ئادەملىرىنى باشلاپ كەلدى.

جەڭچىلىرىمىز ئامالسىزلىقتىن قىيا تەرەپكە چېكىنىدى. ساناقلىقلا ئادىمىمىز قالغانىدى، بىراق ئۇلار يەنىلا چىغىر يولنىڭ ئاغزىدا داۋاملىق جەڭ قىلىشقا رازى بولدىكى، كەينىگە چېكىنىشنى خالىمىدى.

بۇ ۋاقىتتا شامال چىقىشقا باشلىدى. كاپىتان ئورلوف بىلەن ئالىيۇتلار تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، كىچىك كېمە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئادەملىرىمىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىمىدى. ئوۋچىلار

كېمىسىگە چىقىپلا، ماچتىسىنى چىقاردى. كېمە دېڭىز قولتۇقىدىكى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا ئاستا - ئاستا مېڭىشقا باشلىدى.

كېمە كۆزدىن يىتىشتىن بۇرۇن پالوبىدا يەنە بىر قېتىم قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى. ئۇلاپلا ئىككىمىز قىيانى بويلاپ يۈگۈردۇق، ئۈستىمىزدىن خۇددى يوغان قۇشنىڭ قانات قاققىنىدەك غۇر - غۇر ئاۋاز ئاڭلاندى.

بىز بوران - يامغۇر دېمەي كۈچىمىزنىڭ بارىچە يۈگۈردۇق. چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقان يامغۇر توختىماستىن يۈزىمىزگە ئۇرۇلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئاياللارمۇ يېنىمىزدا يۈگۈردى، ئۇلارنىڭ يىغا-زارىسى بوراننىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى. يۈگۈرۈپ چىغىر يولغا كەلگەندە، جەڭچىلىرىمىز ئۇچرىدى. ئەرلەر ساھىلدا جەڭگە قاتناشقان، ھەممىسى دېگۈدەك يارىلانغاندى. دادام ساھىلدا ياتقان بولۇپ، دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ تېنىگە توختىماي ئۇرۇلاتتى. دادامغا قاراپ، ئىچىمدە، دادام ئۆزىنىڭ مەخپىي ئىسمىنى كاپىتان ئورلوفقا ئاشكارىلىمىسا بوپتىكەن، دەپ ئويلىدىم. كەنتكە قايتقانىدىن كېيىن، يىغا - زار قىلىشىۋاتقان ئاياللار بىلەن ئازابلىنىۋاتقان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ مەخپىي ئىسمىنى ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن، كۈچى بەك ئاجىزلاپ، ئالىيۇتلار ۋە پەسكەش رۇسلار بىلەن بولغان جەڭدە جېنىدىن ئايرىلىدى دېيىشتى.

## بەشىنچى باب

# مۇسىبەت قاپلىغان كەنت

شۇ كۈنى كەچ كالاس - ئاتلىقلارنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋاقىت بولدى. شۇ كۈنى سەھەرگە يېقىن، يېشى چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن جەڭگە قاتنىشالمىغان ياشانغانلارنى قوشقاندا، پۈتۈن قەبىلىدە قىرىق ئىككى ئەر بار ئىدى. كەچ كىرگەندە، ئايالار مارجان قولتۇقى ساھىلىدا قۇربان بولغان ئەرلەرنى كەنتكە كۆتۈرۈپ ئەكەلگەندە، پۈتۈن كەنتتە ئون بەشلا ئەر قالغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى ياشانغانلار ئىدى.

كەنت بويىچە دادىسىدىن، ئېرىدىن، قېرىندىشىدىن ياكى ئوغلىدىن ئايرىلمىغان بىرمۇ ئايال قالمىغانىدى.

بوران - چاپقۇن ئىككى كۈن داۋاملاشتى. ئۈچىنچى كۈنى قۇربان بولغانلارنى جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىزلىككە دەپنە قىلدۇق. دېڭىز ساھىلىدا ئۆلگەن ئالىيۇتلارنى بولسا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتۇق.

بۇ ئىش ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، كەنت ئىچى ئىنتاسلىقتا چۆمدى. كىشىلەر پەقەت يېمەكلىك ئىزدىگىلىلا سىرتقا چىقاتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىمجىت ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى قالايمىقان يەپ قارنىنى تويغۇزاتتى. بەزىلەر كەنتتىن ئايرىلىپ، قولاۋاقتا ئولتۇرۇپ، سانتا - كاتىرىنا دېگەن ئارالغا

كەتمەكچى بولدى. بۇ ئارال شەرق تەرەپنىڭ ئەڭ چېتى ئىدى. لېكىن، قالغانلار ئۇ ئارالدا تاتلىق سۇ بەكلا ئاز دېيىشتى. ئاخىر كۆپچىلىك يىغىن ئېچىپ، كالاس ـ ئاتتا قېلىش ياكى كېتىشنى بەلگىلىمەكچى بولدى.

يىغىندا دادامنىڭ ئورنىغا بىر ئادەم يېڭى قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ سايلاندى. ئۇنىڭ ئىسمى كېمۇجى ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ يېشى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ياخشى ئادەم، ئۇستا مەرگەن دەپ نام ئالغان. ئۇ قەبىلە ئاقساقىلى بولغان شۇ كۈنى ئاخشىمى ھەممەيلەننى يىغىپ مۇنداق دېدى:

— ئوۋ ئوۋلايدىغان، چوڭقۇر دېڭىزغا چۆشۈپ بېلىق تۇتىدىغان، قولۋاق ياسايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك قۇربان بولدى. ئىلگىرى ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاماق ئېتىپ، كىيىم ـ كېچەك تىكەتتى، ئۇلارنىڭ باشقا ئىشلارنى قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھازىر ئەھۋال ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئورنىدا كەنتنىڭ سىرتىدىكى ھەر خىل خەتەرگە تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى. مۇشۇنىڭ ئۇچۇن بەلكىم كالاس ـ ئاتتا ئاغرىنىدىغان گەپ ـ سۆزلەر چىقىشى مۇمكىن، يەنە بەلكىم بەزىلەر بۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەر جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەمكارلىقى بولمىسا، ھەممىمىز ھالەك بولىمىز.

كېمۇجى قەبىلىدىكى ھەربىر ئادەمگە ۋەزىپە بۆلۈپ بەردى. ئۇلارغا ئىككىمىزگە قۇلۇلە يىغىش ۋەزىپىسىنى بەردى. بۇ خىل قۇلۇلە دېڭىز بويىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ياشايتتى ھەم بەكمۇ جىق ئىدى. دېڭىز سۈيى يانغاندا، بىز ئۇلارنى سېۋەتكە سېلىپ، چاسا تاغ تەرەپكە ماڭاتتۇق. قېنىق قىزىل رەڭدىكى قۇلۇلە گۆشىنى چىقىرىۋېلىپ، ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە يېيىپ ئاپتاپقا سالاتتۇق.

راموُنىڭ ۋەزىپىسى سەدەپكە قاراش، ئۇنى چايكا، بولۇپمۇ لالما ئىتلارغا يېگۈزمەسلىك ئىدى. بىزنىڭ كەنتتە ئون نەچچە ئىت بار ئىدى، بۇ ئىتلارنىڭ ئىگىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار كەنتتىن چىقىپ ئارالدىكى لالما ئىتلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەندى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا باشقا ئىتلارغا ئوخشاش غالجىرلىشىپ، دائىم كەنتكە يېمەكلىك ئوغرىلاش ئۈچۈن كېلىشەتتى. ھەر كۈنى قاش قارايغاندا، ئۇلارپا ئىككىمىز راموُغا ياردەملىشىپ، قۇلۇلىنى سېۋەتكە سېلىپ، كەنتكە ئاپىرىپ ئوبدان ساقلاپ قوياتتۇق.

بۇ كۈنلەردە، ئاياللار كاكتۇس ئۆسۈپ كەتكەن چاتقاللىق ئىچىدە، « توُنا بېلىق» دەپ ئاتىلىدىغان قىزىل ئالمىنى ئۈزەتتى. ئۇلار يەنە نوُرغۇن بېلىق تۇتتى، نوُرغۇن قۇشنى ئوۋلىدى. ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، بۇرۇن ئەرلەر بار چاغدىكىدىنمۇ كۆپ ئوزۇق - تۈلۈككە ئېرىشتۇق.

كەنتتىكى تۇرمۇش تىنچ بولسا بولاتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئەرلەر ئاياللار قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى دەپ قارايتتى. ھازىر ئۇلار ئوۋچىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەرلەر يەنىلا ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. بۇ پات - پات كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرەتتى. كېيىن كېمىچى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىشنى قايتىدىن بۆلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، يەنىلا ئەرلەر ئوۋغا مەسئۇل بولىدىغان، ئاياللار ھوسۇل يىغىدىغان بولدى. شۇ كۈنلەردە قىشتىن ئۆتكۈدەك نوُرغۇن يېمەكلىك تەييار بولۇپ بولدى، كىمنىڭ ئوۋغا چىقىشىمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى.

بىراق، بۇ كالاس - ئات كەنتتىنىڭ كۆز ۋە قىشتا تىنچ بولماسلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئەمەس ئىدى. مارجان قولتۇقىدىكى جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر قەلبىمىزدە ھامان ھايات ئىدى. بىز مەيلى ئارالغا چىقايلى ياكى دېڭىزدىكى ھەرقانداق بىر

جايغا بارايلى، ببلىق تۇتايلى ياكى تاماق يەيلى ۋە ياكى كەچتە گۈلخانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋاقتتا بولسۇن، ئۇلارنى ئەسكە ئالمايدىغان ۋاقتىمىز يوق ئىدى. كەنتتىكى ھەممەيلەن مەلۇم بىر ئادەمنى ئەسلەيتتى. مېنىڭ ئەسلەيدىغىنىم دادام ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئېگىز، تىمەن ۋە رەھىمدىل ئىدى. نەچچە يىل بۇرۇن ئانام ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلاپا ئىككىمىز ئانامنىڭ ئورنىدا ئۆينىڭ يۈكىنى زىممىمىزگە ئالدۇق. ئۇلاپا مەندىن نەچچە ياش چوڭ بولغاچقا، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى مەندىن كۆپرەك قىلاتتى. ھازىر دادام ئالەمدىن ئۆتتى، رامۇغا قاراش تېخىمۇ تەس بولدى، يەنە كېلىپ ئۇ دائىم كەپسىزلىك قىلاتتى.

كالاس ـ ئات كەنتىدىكى باشقىلارمۇ شۇنداق ئىدى. بىز ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئەسلەيتتۇق. روھىي جەھەتتىكى بېسىمىمىز يەلكىمىزگە چۈشكەن بېسىمدىنمۇ ئېغىر ئىدى.

كۈزلۈك، قىشلىق ئوزۇقلۇقلار تەييار بولدى. ھەممە ئۆينىڭ سېۋىتى لىپمۇلىق توشقانىدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇلارنى ئەسلەشكە يېتەرلىك ۋاقتىمىز بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن كەنتتە بىر خىل كېسەل تارقالدى ـــ ئادەملەر ئولتۇرغان جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى يا گەپ قىلىشمايتتى، يا كۈلۈشمەيتتى.

ئەتىياز كەلگەندە، كېمىۇجى ھەممە كىشىنى بىر يەرگە يىغدى. ئۇ پۈتۈن قىش بىر مەسىلىنى ئويلاپ چىققانلىقىنى، ھازىر بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى، قولۋاققا ئولتۇرۇپ شەرقتىكى بىر دۆلەتكە بارماقچى بولغانلىقىنى، ئۇ شەرقتە شۇنداق بىر دۆلەت بولغانلىقىنى، يەنە كېلىپ تېخى بالا ۋاقتلىرىدا بىر قېتىم بارغانلىقىنى، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇ يەرگە بېرىپ، بىز ئۈچۈن باش تىققۇدەك جاي تاپماقچى بولغانلىقىنى، بۇ قېتىملىق سەپەرگە بەك چىق ئەرلەرنى ئېلىشقا بولمىغاچقا، ئۆزى يالغۇز بېرىپ قايتىپ

كېلىدىغانلىقىنى دېدى.

كېموجى سەپەرگە چىقىدىغان كۈنى ھاۋا تولىمۇ ياخشى بولدى. ھەممىمىز ئۇنى ئۇزىتىپ دېڭىز قولتۇقىغا باردۇق. ئۇنىڭ قولۋاقىنى سۇغا سالغىنىغا قاراپ تۇردۇق، قولۋاقنىڭ ئىچىگە ئىككى تۇلۇم تاتلىق سۇ بىلەن خېلى كۈنلەرگىچە يەتكۈدەك قۇرۇتۇلغان تۇنا بېلىق ۋە قۇلۇلە قېقى قاچىلانغانىدى.

بىز كېموجىنىڭ قولۋىقىدىن تاكى ئۇ تار خادا تاشلىق قولتۇقتىن چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئۆتۈپ، دېڭىزغا كىرىپ كەتكۈچە كۆزىمىزنى ئۈزمىدۇق. ئۇ بىزگە قول پۇلاڭلاتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلاتتۇق. كۈن نۇرى دېڭىز يۈزىدە كۈمۈش رەڭلىك بىر يول ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ شەرق تەرەپتە كۆزىمىزدىن ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى.

ئۇ كۈنى قالغان ۋاقىتتا بىز بۇ قېتىمقى سەپەر توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. كېموجى بىز بىلمەيدىغان ئاشۇ يىراقتىكى دۆلەتكە يېتىپ بارالامدۇ؟ ئۇ قىش كېلىشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلەرمۇ؟ ئۇ كەلمەسكە كەتكەنمىدۇ؟

شۇ كۈنى كەچتە دېڭىز شاملى تازا ئەۋجىگە چىقتى، دولقۇن قىرغاققا كۆچەپ ئۇرۇلاتتى. ھەممىمىز گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، قانغۇچە مۇڭداشتۇق.

# ئالتىنچى باب

## كۆك دېڭىزنى ئارىلىدىن ئايرىلىش ئارزۇسى

كىمۇجىنىڭ ئايرىلغىنىغا بىر ئاي بولار - بولماي، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈشكە باشلىدۇق. مەيلى بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە بولسۇن ياكى قويۇق تۇمان قاپلىغان كۈنلەردە بولسۇن، ھەر كۈنى دېڭىزدەك قىياغا چىقىپ دېڭىزغا قارايدىغانلار بار ئىدى. كۈندۈزى ھامان بىرى قىيادا تۇرۇپ كۆزىتەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىككىنچى كۈنى سەھەردىكى قۇياشنىڭ ئۇنى ئېلىپ كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشنى خالايتتۇق.

بىراق، خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. دېڭىزدا يەنىلا كېمىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، كىمۇجىمۇ قايتىپ كەلمىدى!

شۇ يىلى قىشتا بوران - چاپقۇن ناھايىتى ئاز چىقتى، يامغۇرمۇ تولۇق ياغمىدى. يامغۇر پەسلى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقانىدى. بۇ بىزگە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش لازىملىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇرۇن بۇلاق سۈيى تارتىلىپ كەتكەندىمۇ، كىشىلەر بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىگەنىدى. ھازىر قارىماققا ھەربىر ئىش ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ھەممىمىز سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىمىزدىن ئەنسىرەيتتۇق.

— يەنىلا باشقا مۇھىم ئىشلار توغرۇلۇق ئويلىنىڭلار، —

دېدى كېمۈجىنىڭ ئورنىغا چىققان ماتاساپ.
ماتاساپىنىڭ دەۋاتقىنى ئالىيۇتلار ئىدى. بۇرۇن ئۇلار مۇشۇ پەسىلدە كېلەتتى. قىيادا كۆزەتكۈچىلەر دېڭىزدىكى قىزىل يەلكەننى ئىزدەشكە باشلىدى. كەنتتە بىر قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، ئالىيۇتلار كەلسە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت بولدى. ئەگەر ئۇلار بىرگە ھۇجۇم قىلسا ــ بۇ تەرىپىگە ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى ــ بىز ئۇلارنىڭ ئارالغا چىقىشىنى توسۇغۇدەك كۈچىمىز يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيتتۇق. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ كېمىسىنى كۆرۈشىمىز بىلەنلا يىراققا قېچىپ كەتمەكچى بولدۇق.
قولۋاقلارنى يېمەكلىك بىلەن سۇغا تۇشتۇرۇپ، كۆك دېلفىن ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قورام تاشلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويدۇق. ئۇ يەر ھەم تىك، ھەم ئېگىز ئىدى. بىز توم، پىششىق دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن چىداملىق ئارغامچا ئېشىپ، بىر ئۇچىنى قىيانىڭ ئۇستىدىكى تاشقا باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى سۇ يۈزىگە ساڭگىلىتىپ قويدۇق. ئالىيۇتلارنىڭ كېمىسىنى كۆرگەن ھامان، دەرھال قىياغا يىغىلىپ، ئۇ يەردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئاندىن قولۋاققا ئولتۇرۇپ، سانتا ـ كاتېرىننا ئارىلىغا قاچماقچى بولدۇق.
مارجان قولتۇقىنىڭ كىرىش ئېغىزى تار، كېمىنىڭ كېچىدە ئۇ يەردىن كىرىش مۇمكىنچىلىكى يوق بولسىمۇ، بىز كۈندۈزى ئادەم ئەۋەتىپ كۆزەتكەندىن باشقا، قاش قارايغاندىن تاكى سۈبھىگىچە كۆزىتىشكە ئادەم قويدۇق.
ئۇزاق ئۆتمەي، ئايدىڭ بىر كەچتە كۆزەتكۈچى كەنتكە يۈگۈرگىنىچە كەلدى. شۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئۇنىڭ چاقىرغان ئاۋازىدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ ئويغاندى.
ــ ئالىيۇتلار كەلدى!ــ ۋارقىرىدى ئۇ، ــ ئالىيۇتلار كەلدى!
بۇنداق خەۋەرنىڭ كېلىشىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ، تەييارلىق

كۆرۈپ قويغان بولساقمۇ، كالاس ـ ئات كەنتى يەنىلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ماتاساپ ئۇ ئۆيدىن ـ بۇ ئۆيگە كىرىپ، كۆپچىلىكنى «تىنچلىنىڭلار، لازىمى يوق نەرسىلەرنى ئالماڭلار، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇڭلار» دەيتتى. مەن يۇككا تالاسىدىن توقۇلغان يوپكامنى ئېلىۋالدىم، ئۇنى نۇرغۇن ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ توقۇغانىدىم، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. مەن يەنە قاما يېپىنچامنى ئېلىۋالدىم.

ئاستا ـ ئاستا كەنتتىن چىقىپ، چىغىر يول بىلەن قولۋاقلارنى يوشۇرۇپ قويغان تەرەپكە ماڭدۇق. ئاي ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى. شەرقتىن سۇس كۆك نۇرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بوران يەنە كۈچەيگىلى تۇردى.

يېرىم لېگ يولنى باسا ـ باسمايلا خەۋەر يەتكۈزگەن ئادەم كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ، ماتاساپقا دوكلات بەردى. بىز يىغىلىپ، ئۇنى ئارىمىزغا ئېلىپ، دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق.

— خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپ، دېڭىز قولتۇقىغا بېرىپ قاراپ باقتىم، — دېدى ئۇ، — ئۇ يەرگە بېرىپلا، كېمىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆردۈم. كېمە ئىككى خادا تاشنىڭ سىرتىغا توختىدى. بۇ كېمە ئالېيۇتلارنىڭ كېمىسىدىن كىچىككەن، يەلكىنى قىزىل ئەمەس، ئاق ئىكەن.

— كېمىدىكى ئادەملەرنى كۆردىڭمۇ؟ — سورىدى ماتاساپ.

— كۆرمىدىم.

— بۇلتۇر ئەتىيازدا بۇ يەرگە كەلگەن كېمە ئەمەسمىكەن؟

— ئۇ كېمە ئەمەس.

ماتاساپ ئۇنچىقماي بۇ خەۋەرنى ئويلىنىۋاتاتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ كۆپچىلىككە قولۋاقلار بار تەرەپكە بېرىپ، شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، قايتىپ بېرىپ قاراپ باقماقچى بولدى. بۇ چاغدا تاڭ يورۇغانىدى، قۇم بارخانلىرىدىن تېزلا ئۆتۈپ، قىيا تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، كۆن

چىققانىدى.

بوران بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. قوناق ئۈنىدا ناشتىلىق تەييارلاشقا ئىمكان بولىسمۇ، يەنىلا كېمىدىكىلەرنىڭ ئىسس - تۈتەكنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئوت ياقمىدۇق. ئامالسىز قۇلۇلە قېقى يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئۈككام ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن قىياغا يامىشىپ چىقىپ كەتتى. قولىۋاقلارنى يوشۇرۇپ قويغاندىن بۇيان، ھېچكىم قورام تاش بار يەرگە ئۆتمىگەنىدى. قولىۋاقلار ئۇ يەردە ساق تۇرۇۋاتامدۇ - يوق، بىلمەيتتۇق. رامۇ قىياغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈگۈرگىنىچە قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان بىر ئەرنى كۆردۇق. ئۇ نانگو بولۇپ، ماتاساپىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. ھاۋا سوغۇق بولىسمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن، ئاندىن ئەسلىگە كەلدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تۇردۇق. ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقتىن، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق.

— تېز گەپ قىلمامسەن؟— دېدى ھەممەيلەن تەڭلا.

— بىر لېگدىن ئارتۇق يولنى يۈگۈرۈپ كەلدىم، — دېدى ئۇ، — ھارغىنىمدىن گەپمۇ قىلالمايۋاتىمەن.

— مانا گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ، — دېدى بىرى.

— تېز دە، نانگو، تېز گەپ قىل، — كۆپچىلىك تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىرىشىپ كەتتى.

نانگو بىزگە چاقچاق قىلىۋاتاتتى. ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ، چوكقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە، ئاندىن نېمىشقا ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتقىنىنى چۈشەنمىگەندەك ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى.

— ئۇ كېمە، — ئۇ ئاخىر ئەزمىسىنى ئېزىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئالېيۇتلارنىڭ كېمىسى

ئەمەسكەن. كىمىدە ئاق تەنلىكلەر بار ئىكەن. ئۇلار كىمۇجى بارغان يەردىن كەپتۇ.

— كىمۇجى قايتىپ كەپتىمۇ؟ — سورىدى بىر بوۋاي.

— ئۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. بىراق ئۇ ئاق تەنلىكلەر بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ھەمدە ئۇلارغا بۇ يەرگە كېلىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئۇلار نېمە ئادەملەر ئىكەن؟ — سورىدى ئۇلاپا.

— كىمىدە ئوغۇل باللار بارمىكەن؟ — سورىدى رامۇ. ئۇ قىيادىن يېنىپ چۈشكەندى، ئاغزىغا نېمىلەرنىدۇر تىقىۋالغانىدى.

ھەممەيلەن ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى.

نانگو چىرايى سۇرلۇك قىياپەتكە كىردى. ئۇنىڭ بۇنداق قىياپەتكە كىرىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئالىيۇتلار بىلەن بولغان جەڭدە ئاغزىغا پىچاق يېگەندىن تارتىپ كۈلۈپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشقا دەۋەت قىلدى.

— بۇ كىمە بۇ يەرگە بىرلا مەقسەتتە، — دېدى ئۇ، — بىزنى كالاس - ئاتتىن ئېلىپ كەتكىلى كەپتۇ.

— ئەمىسە بىزنى نەگە ئاپىرىدىكەن؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن، — بۇ كىمىنىڭ ئالىيۇتلارنىڭ ئەمەسلىكى ھەقىقەتەن خۇش خەۋەر، لېكىن ئاق تەنلىكلەر بىزنى نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟

— بۇنى بىلمىدىم، — دېدى ئۇ، — كىمۇجى بىلىدۇ، ئۇ ئاق تەنلىكلەردىن بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى ئېلىپ كېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

نانگو گېپىنى توختىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. بىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق. بارىدىغان يېرىمىزنى ئويلاپ سەل دەككە - دۈككىدە بولغان بولساقمۇ، بىراق ئىچىمىزدە يەنىلا خۇش ئىدۇق.

## يەتتىنچى باب

# مەن قېپقالدىم

كېچىدىن تېز قېچىشتىن باشقىنى ئويلىماي، ھېچ نەرسىمىزنى ئالمىغانىدۇق. ھازىر ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ، سېۋەتلەرنى تاگماقچى بولدۇق. ھەممەيلەن خۇشال ئىدى. نانگو ئۆيىمۇئۆي كىرىپ، كۆپچىلىكنى تېز بولۇشقا ئۈندىگىلى تۇردى.

— شامال بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، — ۋارقىرىدى ئۇ، — كېمە ھازىرلا قوزغىلىدۇ.

كىت قىلتىرىقىدىن ياسىۋالغان ئۈچ تال يىڭنە، بىر تال دەرەش (بىگىز)، ھايۋان سوڭىدىن ياسالغان بىر تال تاش پىچاق، ئىككى قازان، قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان، ئىچىگە بىرمۇنچە ھالقا سېلىنغان بىر كىچىك قۇتا قاتارلىق ئېلىپ مېڭىشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىمنى ئىككى سېۋەتكە لىق قاچىلىدىم.

ئۇلاپانىڭ ئىككى قۇتا ھالقىسى بار ئىدى. ئۇ مەندىنمۇ بەك سۆلەتپەرەس ئىدى. ئۇ ھالقا قۇتىسىنى سېۋەتكە سالدى. ئاندىن بۇرنىغا ۋە كۆزىنىڭ ئاستىغا كۆك لاي بىلەن سۇس قىلىپ ئەن سالدى. بۇ ئۇنىڭ تېخى ياتلىق بولمىغىنىنى بىلدۈرەتتى.

— كېمە قوزغالدى، — دېدى نانگو.

— ئۇ قوزغالسا، — دېدى ئۇلاپامۇ ۋارقىراپ، — بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

ئاچام نانگو بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى، ئۇ نانگو بىلەن چىقىشىپ:
— بۇ ئارالغا باشقا ئەرلەرمۇ كېلىدۇ، ئۇلار كېتىدىغانلاردىن كېلىشكەن ھەم باتۇر، — دېدى.
— سىلەردەك بەتبەشىرىلەرنى كۆرسە، ئۇلار قورقۇپ كېتىپ تىكىۋېتىدۇ.
بىز كەنتتىن ئايرىلىدىغان چاغدا تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، قۇم ئۇچۇپ كېلىپ يۈزىمىزگە ئۇرۇلدى. بىر سېپۇەتنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىمىزدا ئويناقلاپ كەتكەن رامۇ ئۇزاق ئۆتمەي يېنىپ كېلىپ، بېلىق تۇتىدىغان نەيزىسىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، نانگو قىيانىڭ ئۇستىدە بىزنى ئالدىرىتىۋاتقاچقا، ئۇنى نەيزىسىنى ئېلىشقا قايتقىلى قويمۇدۇم.
كېمە قولتۇققا كىرمەي تۇرۇپ لەڭگەر تاشلىدى. نانگو بوران كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، كېمىنىڭ قىرغاققا يېقىنلىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاشقىن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلارنى چىقىراتتى. يىراقتىن نەزەر سالسا، دېڭىز قىرغىقى پۈتۈنلەي كۆپۈك كۆرۈنەتتى.
دېڭىز ساھىلىدا ئىككى قېيىق، يېنىدا تۆت ئاق تەنلىك تۇراتتى. چىغىر يولدىن چۈشۈۋاتساق، ئۇلاردىن بىرى قول پۇلاڭلىتىپ بىزنى ئالدىراتتى. ئۇ بىز چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا گەپ قىلدى.
نانگو بىلەن ماتاساپتىن باشقا قەبىلىمىزدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېمىگە چىقىپ بولغانىدى. نانگو ئىنىم رامۇنىڭمۇ كېمىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بايا ئۇنى نەيزىسىنى ئېلىشقا كەتكە قايتقىلى قويمىغىنىمدا، ئۇ يۈگۈرگىنىچە سەپنىڭ بېشىغا كەتكەنىدى. نانگو ئۇنىڭ قولتۇقتىن ئايرىلغان تۇنجى قېيىققا چىققانلىقىنى ئېيتتى.

ماتاساپ ئايالالارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلدى. ئاندىن قېيىقنى سۇغا چۈشۈردى. قېيىق سۇدا قاتتىق لەپەڭلەيتتى، بىز يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن يېتىۋالدۇق.

قولتۇق ھەرھالدا بورانغا ئازدۇر - كۆپتۇر دال بولغانىدى. خادا تاشنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ دېڭىزغا چىقىشىمىزغا، تاشقىن بىزگە قاراپ شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. قېيىقنىڭ ئۈستى بىردىنلا مالمان بولۇپ كەتتى. بۇژغۇن چاچرىغاندا، ئاق تەنلىكلەرمۇ ۋارقىرىشىپ كەتتى. قېيىق بارغانسېرى كۈچلۈك لەپەڭشىگىلى تۇردى. كېمە گاھ كۆرۈنۈپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يوقاپ كېتەتتى. ئاخىر ھەرھالدا كېمىگە يېقىنلاشتۇق، پالوبىغا قانداق چىقىپ قالغىنىمىزنىمۇ بىلمەي قالدۇق.

كېمە بەك چوڭ ئىدى. ئەڭ چوڭ قولۇقىمىزدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى. كېمىدە ئېگىز ئىككى ماچتا، ئوتتۇرىسىدا كۆك كۆز، قارا ساقال بىر ياش تۇراتتى.

ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ بۇيرۇق قىلغان ھامان قالغان ئاق تەنلىكلەر دەرھال ئىجرا قىلاتتى. ئېگىز ماچتىدىن يەلكەن كۆتۈرۈلدى. ئىككى ئەر ماچتىنىڭ ئارغانلىرىنى تارتىشقا باشلىدى.

ئىنىمنىڭ ھەممىگە قىزىقىدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە، باشقىلارغا دەخلى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى چاقىردىم. بوران ئاۋازىمنى يۇتۇپ كېتىپ، ئۇ جاۋاب بەرمىدى. پالوبىدا كىشىلەر قىستىلىشىپ كەتكەچكە، مېڭىشقا پەقەت ئامال يوق ئىدى. توختىماي ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ پالوبىنىڭ بۇ چېتىدىن - ئۇ چېتىگىچە قىستىلىپ باردىم، يەنىلا جاۋاب كەلمىدى، ئۇنى كۆرگەن ئادەممۇ چىقمىدى، ئاخىر نانگونى تاپتىم.

— ئۇكام قېنى؟ — ئەنسىرىگىنىمدىن ۋارقىراپ سورىدىم.

ئۇ دېڭىز ساھىلىدا دېگەن گېپىنى يەنە بىر قېتىم

تەكرارلىدى. ئۇنىڭ گېپى تۇگىمەي تۇرۇپلا، ياندا تۇرغان ئۇلاپيا قولى بىلەن ئارالنى كۆرسەتتى. مەن پالوبىدىن ئۆتۈپ قىرغاققا قارىدىم — ئۇ راۋغۇ؟ ئۇ قىيا ئۇستىدە نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈۋاتاتتى. يەلكەن تولۇق چىقىپ بولغان، كېمە ئاستا - ئاستا قوزغىلىۋاتقانىدى. ھەممەيلەن قىرغاققا قاراشتى، ھەتتا ئاق تەنلىكلەرمۇ قارىدى. بىر ئاق تەنلىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىرغاقتىكى راۋنى كۆرسەتتىم، بىراق ئۇ بېشىنى چايقاپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتتى. كېمىنىڭ سۈرئىتى تېزلەشكىلى تۇردى. ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم. ماتاساپ بىلىكىمدىن تۇتۇۋالدى.

— بىز راۋنى ساقلىيالمايمىز، — دېدى ئۇ، — يەنە ساقلىساق، كېمە خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

— ئۇنى ساقلايلى! — جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم، — ئۇنى ساقلاپ تۇرايلى!

— نەچچە كۈندىن كېيىن كېمە ئۇنى ئالغىلى كېلىدۇ، — دېدى ماتاساپ، — ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، يەيدىغان - ئىچىدىغىنى بار، ياتىدىغان يېرىمۇ بار.

— ياق، — دېدىمەن يىغلاپ.

ماتاساپنىڭ چىرايى تاشتەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدى مەن بىلەن كارى بولمىدى. يەنە بىر قېتىم جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. بىراق، نەرە تارتىۋاتقان بوراننىڭ ئاۋازى ئاۋازىمنى بېسىپ كەتتى. كىشىلەر مېنى ئورىۋېلىپ، ماتاساپنىڭ گېپىنى تەكرارلىشاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ گەپلىرى ماڭا تەسەللى بولالمايتتى.

راۋ قىيادا كۆزدىن يىتتى، ئۇنىڭ چىغىر يولنى بويلاپ ساھىلغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقىنىنى بىلەتتىم.

كېمە دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى رايونىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىۋىدى، كېمە ساھىلغا يانىدىغان بولدى دەپ، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم. كىم بىلسۇن كېمە يۆلىنىشىنى ئاستا - ئاستا

ئۆزگەرتىپ، شەرققە ماڭدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، نۇرغۇن قۇللار مېنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، ماڭا قاراپ سوزۇلغان بولسىمۇ ئىككى تاقلاپلا پالوبىدىن ئۆتۈپ دېڭىزغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

بىر دولقۇن مېنى يۇتۇپ كەتتى، توختىماي سۇ ئاستىغا چۆكتۇم، «كۈننى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم. سۇدىن بېشىمنى چىقارغان ۋاقتىمدا، كېمە ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى. بوۋغۇنلارنىڭ ئارىسىدىن يەلكەننىڭ قارىسىنى ئاران كۆرەلىدىم. قولۇمدىكى ھەممە بىساتىم قاچىلانغان سېۋەت بەكمۇ ئېغىر ئىدى. سېۋەتنى تۇتۇپ سۇ ئۈزۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. سېۋەتنى تاشلاپ، قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدىم.

مارجان قولتۇقىغا كىرىش ئېغىزىدىكى خادا تاشلارنى ئاران ئىلغا قىلالىدىم. لېكىن ئازراقمۇ قورقمىدىم. نۇرغۇن قېتىم بۇنىڭدىنمۇ يىراققا ئۈزگەنىدىم، بىراق بۇ تۈنجى قېتىم بوران - چاپقۇندا سۇ ئۈزۈشۈم ئىدى.

بىر ياقتىن قىرغاققا قاراپ ئۈزگەچ، يەنە بىر ياقتىن رامۇنى قانداق جازالاشنى ئويلىدىم. بىراق پۇتۇم قۇمغا تەگكەندە، ئۇنىڭ سۇنى كېچىپ، قولىدا نەيزىسىنى تۇتقان پېتى روھى چىقىپ كەتكەندەك تۇرغان ھالىتىگە قاراپ، بايىقى ئويۇمنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ، قۇمغا يۈكۈنگۈنۈمچە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم.

كېمە كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

— كېمە قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟— سورىدى رامۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ھايال ئۆتمەي قايتىپ كېلىدۇ،— دېدىممەن قارىسىغىلا.

شۇنچە كۆپ ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ، پالما تالاسىدىن كۆكۈل قويۇپ توقۇغان يوپكامنىڭ كاردىن چىققىنىغا بەك ئاچچىقىم كەلدى.

## سەككىزىنچى باب

# رامۇنىڭ لالما ئىت بىلەن ئېلىشىشى

چىغىر يولغا چىقىشىمىزغا بوران بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. قۇم چاسا تاغنى كۆمۈۋەتكەنىدى. ئايغىمىزدىن ھەربىر قەدەمدە شۇرقىراپ قۇم چۈشەتتى. ھەممە يەرنى قۇم - بوران قاپلىغانىدى. كەنىتكە قايتىدىغان يولنى تاپالمىغاچقا، كەچ بولغۇچە قورام تاشلار يوچۇقىغا كىرىپ بوراندىن دالدىلاندۇق. كەچ كىرگەندە، بوران سەل پەسىيىپ، ئايمۇ چىقتى. ئاي يورۇقىدا كەنتكە كېلىۋالدۇق.

سوغۇق ئاي نۇرىدا قاتار - قاتار كەتكەن كەپىلەر بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. كەپىگە يېقىنلاشقاندا، ئىچىدىن شەپە ئاڭلاندى. شامالنىڭ ئاۋازىمىكىن دەپتىمەن. يېقىن كېلىپ قارىساق، ئون نەچچە لالما ئىت كەپىلەر ئارىلىقىدا چۆرگىلەپ يۈرگەنىكەن. ئۇلار بىزگە قاراپ قاۋىغىنىچە قېچىشتى.

بىز كەنتتىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بىر توپ لالما ئىتلار كېلىپ، بىز ئېلىپ كېتەلمىگەن قۇلۇلە بىلەن قارىنى تويغۇزۇشقانىدى. رامۇ ئىككىمىز لالما ئىتلاردىن ئاشقان ئازراقىنە يېمەكلىكنى مىڭ تەستە تېپىپ، كەچلىك تامىقىمىزنى يېدۇق. گۈلخانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەۋاتساقمۇ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى پاكار تاغ تۆپىسىدىن لالما ئىتلارنىڭ

قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى كېچىچە بېسىقمىدى. تاكى تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا كەينىدىن چىقسام، ئاندىن بۇ بىر توپ لالما ئىت ئارالنىڭ شىمالىدىكى ئۇۋىسى — يوغان ئۆڭكۈر تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندىن تا كەچكىچە يېمەكلىك ئىزدىدۇق. شامال توختايدىغاندەك ئەمەس، دېڭىز تاشقىنى ساھىلغا ئۇرۇلاتتى، خادا تاشلىقتا بارالمىدۇق. قىيانىڭ ئۈستىدىن چايكا تۇخۇملىرىنى ئىزدىدىم، رامۇ نەيزە بىلەن تاشقىن سۈيىدىن يىغىلىپ قالغان كۆلچەكتىن بىر تىزىق ئۇششاق بېلىق تۇتتى. ئۇ بۇ بىر تىزىق ئۇششاق بېلىقنى مورىسىگە ئارتقىنىچە ئۆيگە ماڭدى، ئۇ يول بويى گىدىيىپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن گۇناھىمنى يۇدۇم دەپ ئويلىغانىدى.

جىلغىدىن مەن يىغقان كۆممىقوناق بىلەن مول كەچلىك تاماق يېدۇق. قاچام دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەچكە، بىر ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە تاماق ئېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

شۇ كۈنى كەچتە لالما ئىتلار يەنە كەلدى. ئۇلار بېلىقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ئىدىرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاۋىشاتتى. گۈلخاننىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋاللىدايتتى. ئۇلار سەھەرگە يېقىن، ئاندىن كەتتى.

بۈگۈن دېڭىز يۈزى ناھايىتى تىنچلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خادا تاشلارنىڭ ئارىسىدىن قۇلۇلە ئىزدىسەك بولاتتى. دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىر قوپال سېۋەت توقۇدۇق. كۈن بېشىمىزغا كەلگۈچە سېۋەتنى توشتۇرۇپ بولدۇق. رامۇ ئىككىمىز قۇلۇلىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كېتىۋاتقاچ قىيانىڭ ئۈستىدە بىر دەم توختىدۇق.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. كېمە كەتكەن تەرەپتىن بەك يىراق يەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

— كېمە يەنە كېلەمدۇ؟ — دېدى رامۇ.

— كىلىشى مۇمكىن، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، كۆڭلۈمدە ئۇنداق ئويلىمىساممۇ، — ئەمما خېلى كۈنلەردىن كېيىن كىلىشى مۇمكىن، ئۇلار بارىدىغان دۆلەت بەك يىراق.

رامۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— كېمە ئەمدى كەلمىسىمۇ مەن ئۇچۇن بەرىبىر، — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

رامۇ ئويلانغىنىچە نەيزە بىلەن يەرگە بىر تۆشۈك تەشتى.

— نېمىشقا؟ — يەنە سورىدىم.

— سېنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرغۇم بار، — دېدى ئۇ، — هازىر بۇ يەر ئادەم بار چاغلاردىنمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كەتتى. ئەتە قولۋاقلارنى يوشۇرۇپ قويغان يەرگە بېرىپ، قولۋاقتىن بىرنى مارجان قولتۇقىغا ئېلىپ كېلىمەن. قولۋاققا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتقىلى بارايلى. بۇ ئارالنى ئوبدان كۆرۈپ چىقايلى.

— قولۋاق بەك ئېغىر، سۇغا چۈشۈرەلمەيسەن.

— قاراپ تۇر.

رامۇ مەيدىسىنى ئاچتى. بويىنىدا دېڭىز پىلىنىڭ چىشىدىن ياسالغان بىر تىزىق مارجان تۇراتتى، كىمنىڭ چۈشۈرۈپ قويغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ مارجان ئۇنىڭغا چوڭ كىلىپ قالغان، يەنە كىلىپ دېڭىز پىلىنىڭ چىشلىرى يىرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ نەيزىسىنى ئوتتۇرىمىزغا سانجىغاندا شاراقشىپ كەتتى.

— مىنىڭ كىچىكنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قاپسەن، — دېدى ئۇ.

— ئۇنتۇپ قالمىدىم، — دېدىم ئۆيگە قايقاندىن كېيىن، — لېكىن سەن تېخى بالا، كۈنلەرنىڭ بىرى ئېگىز هەم بەستلىك بولىسەن، شۇ چاغدا ئاندىن قولۋاققا كۈچۈڭ يېتىدۇ.

— مەن كىچىكنىڭ ئوغلى، — دېدى ئۇ. بۇ گەپنى دېگەن

ۋاقتىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى تۈپۈقسىز يوغىناپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ ئوغلى. دادام ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، مەن ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىشىم كېرەك. مەن هازىر كالاس ـ ئاتلىقلارنىڭ ئاقساقلى. هەممە ئىشتا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمساڭ بولمايدۇ.

— لېكىن سەن ئاۋۋال چوڭ بول. قەبىلىمىزنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن، سېنى تال چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ، ئاندىن قىزىل چۈمۈلە تېغىغا باغلاپ قويمىساق بولمايدۇ.

رامۇ تاتىرىسپ كەتتى. ئۇ قەبىلىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ مۇراسىمىنى كۆرگەنىدى، يەنە كېلىپ ناهايىتى ئېنىق ئېسىدە ئىدى. مەن يەنە تېزلا مۇنداق دېدىم:

— بۇ مۇراسىمنى ئۆتكۈزىدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن، تال چىۋىق بىلەن ئۇرۇشنىڭ، يەنە قىزىل چۈمۈلگە چاقتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق، قەبىلە ئاقساقلى رامۇ.

— بۇ ئىسمىنىڭ ماڭا ماس كەلگەن ـ كەلمىگىنىنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ئۇ نەيزىنى بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چايكىغا قارىتىپ ئاتتى، — تېخىمۇ ياخشى ئىسمدىن بىرنى تېپىشىم كېرەك.

ئۇنىڭ چوڭ ـ چوڭ چامداپ بېرىپ نەيزىنى يەردىن ئېلىشىغا قاراپ تۇردۇم. بىلەكلىرى بىلەن پۇتلىرى تاياقتەك ئىنچىكە كىچىككىنە بىر بالا بوينىغا دېگىز پىلىنىڭ چىشىنى ئېسىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇ كالاس ـ ئاتلىقلارغا قەبىلە ئاقساقلى بولدى، ئۇنىڭ يېنىدا يۈرسەم، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئېنىق بولسىمۇ، يەنىلا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىغۇم كەلدى.

— بىر ئىسمنى ئويلىدىم، — دېدى ئۇ يېنىپ كەلگەندە.

— قانداق ئىسىم؟ — سورىدىم جىددىي تەرىزدە.

— قەبىلە ئاقساقلى تانيوسىتلوپاي (tanyositlopai).

— بۇ ئىسىم بەك ئۇزۇنكەن، هەم ئادەمنىڭ ئاغزىغا

كەلمەيدىكەن.

— تېزلا ئۆگىنىۋالىسەن — دېدى قەبىلە ئاقساقىلى تانيوستلوپاي.

قەبىلە ئاقساقىلى تانيوستلوپاينىڭ قولۋاقلارنى يوشۇرۇپ قويغان يەرگە يالغۇز بېرىشقا ئۇنىمىغان بولسامۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ رامۇنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى سەزدىم. ئۇ ئىشىك ئالدىدىمۇ يوق ئىدى. شۇنىدىلا ئۇنىڭ تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ يالغۇز كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

بەك قورقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ بېشىغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ھەممە كېلىشمەسلىكنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. دەرۋەقە، ئۇ بۇرۇن دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ كىچىك قولۋاقنى چۈشۈرۈشمۇ تولىمۇ تەسكە توختايتتى. ئۇ بىر قولۋاقنى سۇغا چۈشۈرگۈچە، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يارىلانمىغان تەقدىردىمۇ، قولۋاقنى دېڭىز دولقۇنىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنىدا قۇم ئازگالغا چۈشۈپ كەتمەي ھەيدىيەلەرمۇ؟

بۇلارنى ئويلاپ كەينىدىن يۈگۈردۈم.

چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا رامۇنىڭ قىياغا كەتكىنى توغرىمۇ ياكى خاتامدۇ دەپ دەرگۇماندا قالدىم. كېيىنىڭ بىزنى ئالغىلى قاچان كېلىدىغانلىقىغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. كېمە كەلگۈچە، ئىككىمىز ئارالدا ياشايتتۇق. شۇڭا كۆپچىلىك بار چاغقا ئوخشىمايتتى. مەن ھەمىشە ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدىم. ئۇ تېزرەك چوڭ بولسا بولاتتى.

ئۇشتۇمتۇت كەينىمگە بۇرۇلۇپ، مارجان ئارىلىدىكى چىغىر يولغا قاراپ يۈگۈردۈم. رامۇ قولۋاقنى سۇغا چۈشۈرۈپ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۈچى بىلەن قۇم ئازگالدىن ئۆتۈپ كەتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، كۆن ئىكىلەشكەندە، ئاندىن دېڭىز قولتۇقىغا يېتىپ

بارالايتتى. ئۇنى دېڭىز ساھىلىدا ساقلىسام توغرا بولاتتى. ئۇ يەردە ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان بىرى بولمىسا، دېڭىزدا بىر چۆرگىلەپ كەلگەنلىك نېمە ئەھمىيىتى؟

رامۇنى خىيالىمدىن ۋاقىتلىق چىقىرىۋېتىپ، مولى قولۇلىسى ئىزدەشكە باشلىدىم. بىز تاپقان يېمەكلىكنى كەنتتە يوق چېغىمىزدا لالما ئىتلارغا يېگۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئامال قىلىپ ئۇبدان ساقلىشىمىز كېرەك، دېگەن خىيال كاللامغا كەلدى. ھېلىقى كېمىمۇ خىيالىمدىن كەچتى. ماتاساپىنىڭ دېگەن گېپىنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. كېمىنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىدىن تۈنجى قېتىم گۇمانلاندىم. دەككە - دۈككە ئىچىدە قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدىن قولۇلە قېپى ئىزدىگەچ، تۇرۇپ - تۇرۇپ قورقۇنچ ئىچىدە چەكسىز كەتكەن دېڭىزغا قاراپ قوياتتىم.

كۈن بارغانسېرى ئۆرلىدى. رامۇنىڭ قارىسى يەنىلا كۆرۈنمەيتتى. ئەنسىرەشكە باشلىدىم. سېۋەت لىق توشتى. ئۇنى كۆتۈرۈپ چاسا تاغقا چىقتىم.

ئۇ يەردىن دېڭىز قولتۇقىغا قارىدىم، قىرغاقنى بويلاپ، پايانسىز دېڭىزغا ئاجىز دېڭىز جىلغىسىدەك كىرىپ كەتكەن قۇم ئارگالغا كۆز يۈگۈرتتۈم. دولقۇنلارنىڭ ساھىلغا ياماشقىنىنى كۆرەلىدىم. تېخىمۇ يىراقتا شىددەتلىك ئېقىن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئەگرى - بۈگرى بۇژغۇن ياسايتتى. تاكى كۈن تىكلەشكىچە چاسا تاغدا ساقلىدىم. ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ كەنتكە قايتىپ، رامۇنىڭ مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا قايتىپ كەلگەن بولۇشىنى تىلىدىم. لېكىن كەپىدە ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى.

قولۇلە قېپىنى لالما ئىتلارنىڭ ئوغرىلىقچە يەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلىكتە بىر ئارگال كولاپ، قولۇلە قېپىنى كۆمۈپ، يوغان تاشتىن بىرنى ئەكېلىپ، ئارگالنىڭ ئاغزىنى

ئېتىپ قويدۇم. ئاندىن ئارالنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ماڭدىم.

ئۇ يەرگە بارسىدىغان ئىككىسى چىغىسىر يىسول بىسار ئىسدى، مەن ماڭغسان ئىككسى يېنسى قسۇم دۆۋىلسىرى، تسار، ئىۇزۇن چىغىسىر يولسدا رامۇنى ئۇچرىتالماي، ئۇ مەن كۆرمىگەن يەنە بىر چىغىر يول بىلەن قايتىپ كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى چاقىردىم. جاۋاب ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى شۇنداق ئېنىق ئاڭلىناتتى.

قىياغسا يېقىن كەلگەنسېرى ئىتلارنىسڭ قاۋىغسان ئساۋازىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. ئىتلار تۇرۇپ توختاپ قالاتتى، ھايال ئۆتمەي يەنە قاۋىشىپ كېتەتتى. ئاۋاز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ قارشىسىدىن كېلىۋاتاتتى. چىغىر يولدىن چىقىپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قۇم كېچىپ چىقتىم.

ئانچە يىراق بولمىغان، قىياغا يېقىن جايدا بىر تسوپ لالما ئىتنىسى كسۆردۈم. ئىستلار خېلسى كسۆپ بولسۇپ، ھالقسا بولسۇپ چۆرگىلەۋاتاتتى.

ئەنە شۇ ھالقا ئوتتۇرىسىدا بويىۇنى ئېغىسر يارىلانغسان رامۇ جىمجىت ئوڭدا ياتاتتى.

ئىۇنى قۇچاقلىسدىم، شىۇندىلا ئۇنىسڭ ئىۆلگەنلىكىنى بىلىدىم. ئۇنىڭ بەدىنىدە لالما ئىتلار چىشلىگەن چىش ئىزلىرى تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە خېلى بولغانىدى، ئىزلىرىغا قارىغانىدا، ئۇ قىياغىا يېتىپ بارالمىغانىدى.

ئۇنىڭدىن سەل يىراق جايدا ئىككى ئىت ياتاتتى. بىر ئىتنىڭ قورسىقىدا دەستىسى سۇنۇپ كەتكەن نەيزە سانجىقلىق تۇراتتى.

رامىۇنى كۆتىۈرۈپ كەنىتكە قسايتتىم، ئىۆيگە كەلگەنىدە، كىۈن ئاللىقاچان پاتقانىدى. لالما ئىتلار يول بويى ماڭا ئەگىشىپ كەلدى. رامىۇنى كەپىىگە ئەكىرىسپ قويىۇپ، قولۇمغىا كىالتەكنى ئېلىسپ چىققىنىمىدىلا، ئىۇلار ئانىدىن بىىر ئېىدىر تەرەپكە قېچىسپ كەتتىسى.

ئۇلارنىڭ بېشى، يۇڭلۇق، سېرىق كۆز يوغان بىر ئىت ئەڭ كەينىدە ماڭدى.

بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئېدىرنىڭ تۆپىگە چىقتىم. ئۇلار ئۈننى چىقارماستىن، ئاستا - ئاستا كەينىگە ياندى. ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىككى ئېدىر، بىر تار جىلغىدىن ئۆتتۇم. ئۈچىنچى ئېدىرنىڭ ئالدى تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ بىر تەرىپى ئۆڭكۈر ئىدى، لالما ئىتلار بىر - بىرلەپ شۇ يەرگە كىرىپ كەتتى.

ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ھەم ئېگىز، ھەم كەڭ بولغاچقا، تاش بىلەن ئېتىۋەتكىلى بولمايتتى. ئازراق قۇرۇق ئوتۇن تېپىپ كېلىپ، ئوت ياقتىم. ئوتۇننى ئۆڭكۈر ئاغزىغا دۆۋىلەپ، كېچىچە توختىماستىن قالاپ تېخىمۇ ئىچىگە تىقماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇنچە جىق ئوتۇن يوق ئىدى.

ئاي چىققاندا ئۆڭكۈردىن ئايرىلىپ، تار جىلغىدىن ۋە ئىككى ئېدىردىن ئۆتۈپ ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

كېچىچە ئىنىمنىڭ جەسىتى يېنىدا ئولتۇرۇپ، كىرپىك قاقمىدىم. ھامان بىر كۈنى ئۆڭكۈرگە بېرىپ، لالما ئىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ قەسەم قىلدىم. ئۇلارنى قانداق ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ئويلىناتتىم، بىراق كۆپرەك ئويلىغىنىم يەنىلا ئۇكام رامۇ بولدى.

# توققۇزىنچى باب

## قورال ياساشقا باشلىدىم

شۇ مەزگىلدىكى نۇرغۇن ئىش ئېسىمدە قالماپتۇ، پەقەت ھەر كۈنى كۈننىڭ سەھەردە چىقىپ كەچ بولغاندا پېتىپ نۇرغۇن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە. يەككە ـ يېگانە قالدىم، نېمە قىلىشىم كېرەك دېگەننىلا ئويلايتتىم. كەنتتىن ئايرىلمىدىم. ھەممە قۇلۇلە يەپ تۈگىگەندىلا ئاندىن بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ، يەنە ئازراق قۇلۇلە يىغقىلى باردىم.

بىراق، مەن كەنتتە تۇرۇۋەرمەسلىك قارارىغا كەلگەن ئاشۇ كۈنى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ئۇ تۇمانلىق بىر سەھەر ئىدى، يىراقتىن دېڭىز تاشقىنلىرىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ بۇنچىلىك جىمجىت ئىكەنلىكىنى پەقەت ھېس قىلماپتىكەنمەن. تۇمان ئىنىس ـ جىن يوق كەپىلەرنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار خىرە ـ شىرە ئادەم سىيماسى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆلۈپ كەتكەن ۋە كېتىپ قالغان ئادەملەرنى ئېسىمگە سالدى. تاشقىنلارنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئۇلارنىڭ پىچىرلاشقان ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى.

ئۇ يەردە شۇ تۇمانلارغا قاراپ، شۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، بەك ئۇزاق ئولتۇردۇم، تا كۈن چىقىپ، تۇمان تارقىغاندا، ئاندىن تامغا ئوت قويدۇم. بۇ كەپە كۆيۈپ كۈل بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر

كەپىسگە ئىوت قويىدۇم. مۇشىۇنداق قىلىپ، كەپە ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ كۆيدۈرۈپ، كالاس - ئاتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بىر دۆۋە كۈلنى قالدۇرۇپ قويدۇم.

بىر سېۋەت يېمەكلىكتىن باشقا، ئېلىپ كەتكۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى، شۇڭا بەكمۇ تېز ماڭدىم. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن، مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ تاكى كېيىن كەلگۈچە ئۇ يەردە تۇرماقچى بولدۇم. مەن بارغان جاي مارجان قولتۇقىنىڭ غەرب تەرىپىگە يېرىم لېگ كېلىدىغان ئېگىزلىك ئىدى. ئېگىزلىكتە بىر قورام تاش ۋە ئىككى تۈپ دوگغاق دەرەخ بار ئىدى. قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىن ئون قەدەم كەلگۈدەك كەڭلىكتىكى يەر ئوت - چۆپ يوق، شامال تەگمەيدىغان قۇرۇق يەر بولۇپ، بۇ يەردىن دېڭىز قولتۇقىنى ۋە دېڭىزنى كۆرگىلى بولاتتى. يېقىنلا تار جىلغىدا بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلىدىم، قورام تاش خېلى ئېگىز، ئۈستى پۈتۈنمۇ سوزۇپ ئۇخلىغۇدەك تۈز بولغاچقا، لالما ئىتلاردىن قورقۇش ھاجەتسىز ئىدى. ئىتلار راۋۇنى تالاپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرالغۇمغا ئىزدەپ كېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

يېنىمدا يېمەكلىك ئېلىپ يۈرەتتىم. داۋاملىق يېمەكلىك ئىزدىمىسەم بولمايتتى. بۇ قورام تاش يېمەكلىك يوشۇرىدىغان ئوبدان جاي ئىدى. ھازىر قىش پەسلى بولسىمۇ، كېيىنكى كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، زۆرۈر بولمىغان يېمەكلىكلەرنى ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق، لالما ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قورال ياساشقا ۋاقتىم بار ئىدى. ئۇلار ھامان بىر كۈنى ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمەكچى بولدۇم.

بىر كەيدىن بىر ياغاچ توقماق تېپىۋالدىم، بىراق ماڭا يەنە

ئوقيا بىلەن نەيزە كىرەك ئىدى. ئۆلگەن ئىتنىڭ تېنىدىن سۇغۇرۇۋالغان نەيزە بەك كىچىك، بىلىق تۇتۇشقا بولسىمۇ، باشقا ئىشقا كىرەككە كەلمەيتتى.
كالاس - ئاتنىڭ قانۇنىدا ئاياللارنىڭ قورال ياسىشى چەكلەنگەن. شۇڭا قېپقالغان قورال - ياراغلارنى ئىزدەش نىيىتىگە كەلدىم. ئاۋۋال بۇرۇنقى كەنتكە باردىم. كۆل دۆۋىسىنى غەلۋىر بىلەن تاسقاپ چىقتىم. ئەپسۇس، بىر تالمۇ تېپىلمىدى. ئاندىن قولۋاقلارنى ئىنقىپ قويغان يەرگە باردىم. ئۇ يەردە يېمەكلىك بىلەن سۇدىن باشقا، قورال - ياراغلارنىڭمۇ بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنەتتىم.
قىيادىكى قولۋاقلاردىن ھېچنېمە چىقمىدى. بۇ چاغدا ئاليۇتلارنىڭ قىرغاققا ئېلىپ چىققان ساندۇقلىرى ئېسىمگە كەلدى - دە، شۇ تەرەپكە ماڭدىم. شۇ قېتىملىق جەڭدە بىر ساندۇقنىڭ دېڭىز ساھىلىدا قېپقالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئوۋچىلار قاچقاندا ئۇ ساندۇقنى ئېلىپ كەتتىمۇ - يوق، بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.
دېڭىز ساھىلىدا بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. تاشقىن يانغانىدى، مەن ساندۇق قويغان جايغا بېرىپ ئىزدەشكە باشلىدىم.
بۇ يەر ئۆلاپيا ئىككىمىز ئۆرە تۇرۇپ جەڭنى كۆرگەن تۇمشۇقنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىدى. قۇم يۈزى بەك تەكشى ئىدى. تاياق بىلەن بىرمۇنچە تۆشۈكلەرنى تەشتىم. دائىرىسى خېلىلا چوڭ بىر يەرنى توختىماي كولىدىم. بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم ساندۇقنى كۆمۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم.
كولاپ بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، تايىقىمغا قاتتىق بىر نەرسە تەگدى. ئۇنى خادا تاش دەپ ئويلاپتىمەن، بىراق قولۇم بىلەن كولىۋىدىم، ساندۇقنىڭ قارا ئاغزى ئىكەنلىكىنى

بىلدىم. تويتوغرا يېرىم كۈن ئىشلەپ، مىلىڭ تەستە ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى قۇملارنى چىقاردىم. دېڭىز تاشقىنى ساندۇقنى بەكمۇ چوڭقۇر كۆمۈۋەتكەنىدى. ساندۇقنى تارتىپ چىقىرىشنى ئويلىماي، پەقەت قۇمنى ئېلىۋېتىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىشنىلا ئويلىدىم.

كۈنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دېڭىز تاشقىنى ساھىلغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ، مەن كولىغان ئورەكنى قۇم بىلەن كۆمۈشكە باشلىدى، تاشقىن ھەر قېتىم ئۇرۇلغاندا ساندۇق تېخىمۇ چوڭقۇرغا چۆكەتتى. ئاخىر ساندۇق پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەتتى. يەنە ساندۇق ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن، جايىمدا مىدىرلىماي، بار كۈچۈم بىلەن تاشقىنغا تاقابىل تۇردۇم. تاشقىن يانغاندىن كېيىن، يەنە پۈتۈم بىلەن كولاشقا باشلىدىم. بارغانسېرى چوڭقۇر كولىدىم، ئارقىدىن قولۇم بىلەن كولىدىم.

ساندۇق ئۈنچە ـ مارجان، بىلەزۈك ۋە ھەر خىل ھالقىلار بىلەن تولغانىدى. نەيزە ئىزدەپ كەلگىنىمنى ئۇنتۇپ، زىبۇ ـ زىننەتنى بىر ـ بىرلەپ قولۇمغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، كۈن نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل پارقىرىتىۋەتتىم. ئەڭ ئۇزۇن كۆك مارجان بىلەن بىر جۈپ كۆك بىلەزۈكنى تاقىۋالدىم. بۇ بىر جۈپ بىلەزۈك قولۇمغا بەك ياراشقانىدى. ساھىلدا ئۇ ياندىن ـ بۇ يانغا مېڭىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن مەغرۇرلىنىپ كەتتىم.

ماڭا ـ ماڭا قولتۇقنىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپ قالدىم. مارجان بىلەن بىلەزۈك جىرىڭشىيتتى. سۇ كېچىپ ئۇ يەرگە بارغۇچە، ئۆزۈمنى قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ كېلىنىدەك ھېس قىلدىم.

جەڭ بولغان چىغىر يولغا كەلگەندە، بۇ يەردە قۇربان بولغان ئادەملەر بىردىنلا ئېسىمگە كەلدى. بۇ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئېلىپ كەلگەن ئادەملەرنى ئويلىدىم. ساندۇقنىڭ يېنىغا يەنە بېرىپ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئۇزاق تۇردۇم. بوينۇمدىكى مارجانغا ۋە قولۇمدىكى بىلەزۈككە قارىدىم، ئۇلار كۈن نۇرىدا شۇنچىلىك

چىرايلىق ۋە جەلپكار كۆرۈنەتتى.

— بۇلار ئالىيۇتلارغا ئەمەس، ماڭا مەنسۇپ، — دېدىمۇ، بۇ نەرسىلەرنى تاقسام قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇلارنى بىر - بىردىن ئېلىپ، ساندۇقتىكى قالغان ئۇنچە - مەرۋايىتلارنىمۇ ئېلىپ، ئاندىن سۇ كېچىپ تۇرۇپ دېڭىزغا قارىتىپ ئاتتىم.

ساندۇقتا نەيزە يوق ئىدى. ساندۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، قۇم بىلەن كۆمۈپ قويدۇم.

چىغىر يول ئېغىزىغا قارىدىم، لېكىن ماڭا كېرەكلىك ھېچ نەرسە تاپالمىدىم. شۇڭا ئامالسىز نەيزە ئىزدەش خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم.

خېلى كۈنلەرگىچە قورالنى خىيال قىلمىدىم. بىر كۈنى كەچتە لالما ئىتلار كېلىپ، تاشنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قاۋاپ ئارام بەرمىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقاندا ئاندىن كەتتى - يۇ، يىراققا كەتمىدى. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، مېنى ماراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار يەنە ئېگىزلىككە كەلدى. ئېشىپ قالغان كەچلىك تامىقىمنى كۆمۈپ قويغان بولسامۇ، ئۇلار يەنىلا تېپىۋالدى. ئېشىپ قالغان تاماق ئۈچۈن ئۇلار تالىشىپ كېتىشتى، ئاندىن تاشنىڭ تۈۋىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ھاۋادىكى پۇراقنى پۇراپ يۈردى. ئۇلار ئىزىمنى پۇراپ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالدى.

خېلى ئۇزاق ۋاقىت تاشنىڭ ئۈستىدە مۆكۈپ ياتتىم، ئۇلار پەستە ئايلىنىپ يۈرەتتى. تاش ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، ئۇلار يامىشىپ چىقالمايتتى. شۇنداقتىمۇ بەك قورقتۇم. تاشنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، مۇبادا قەبىلىمىزنىڭ ئاياللارنىڭ قورال - ياراغ ياسىشى چەكلەنگەن قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزۈمنى قوغدايدىغان

قورال ـ ياراغ ياسىسام، ئاقىۋىتى قانداق بولار دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتىم.

قورال ـ ياراغ ياسىسام، شامال راستىنلا ھەر تەرەپتىن كېلىپ مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟ خەقلەر دېگەندەك، يەر تەۋرەپ، تاشنىڭ ئاستىدا قالارمەنمۇ؟ راستىنلا بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك، دېڭىزدا دەھشەتلىك تاشقىن كۆتۈرۈلۈپ، ئارالنى چۆكتۈرۈۋېتەرمۇ؟ مەن سەكراتقا چۈشكەندە، قورال قولۇمدا تۇرۇپ سۇنۇپ كېتەرمۇ؟ دادام مانا مۇشۇنداق دېگەنىدى.

بۇ ئىشلارنى توپتوغرا ئىككى كۈن ئويلاندىم. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە لالما ئىتلار تاشنىڭ تۈۋىگە يەنە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمغا قانداق بالا ـ قازا كەلسىمۇ، چوقۇم قورال ياسايمەن دېگەن نىيەتكە كەلدىم. گەرچە قورقۇپ تۇرساممۇ، تۆتىنچى كۈنى سەھەردىن باشلاپ خىزمىتىمنى باشلىدىم.

دېڭىز پىلى چىشىدىن نەيزىنىڭ ئۇچىنى ياسىماقچى بولدۇم. چۈنكى ئۇ بەك قاتتىق ئىدى، شەكلىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. مەن قونالغۇ قىلغان جاينىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز بويلىرىدا بۇنداق ھايۋان بەك تولا، لېكىن مەندە دېڭىز پىلىنى ئۆلتۈرىدىغان قورال يوق ئىدى. قەبىلىمىزدىكى ئەرلەر ئادەتتە ئۇلارنى ئەركەك دېڭىز ئۆسسۈملۈكلىرىدىن توقۇلغان توردىن پايدىلىنىپ تۇتاتتى. ئۇلار ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تورنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياياتتى. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئۈچ ئادەم كېتەتتى. ئادەم بار دېگەن تەقدىردىمۇ، دېڭىز پىلى دائىم تورنى سۆرىگەن پېتى دېڭىزغا قېچىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئورنىغا دەرەخ يىلتىزىنى ئىشلەتمەكچى بولدۇم. دەرەخ يىلتىزىنى ئۈچلاپ، ئوتقا سېلىپ قاتتىق ھالەتكە كەلتۈردۈم، ئاندىن تىيۈلېنىنىڭ يېشىل سىڭىرى بىلەن ئۇنى بىر ئۇزۇن خادىغا چىڭ قىلىپ باغلىدىم. ئۇ تىيۈلېنىنى تاش بىلەن يانجىپ

ئۆلتۇرگەنىدىم.

ئوقيا ياساش نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئېلىپلا قالماي، تېخىمۇ زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراتتى. مەندە بىر دانە كىرىچ بار ئىدى. لېكىن ئېگىلىدىغان ھەم مۇۋاپىق ئېلاستىكلىقى بار ياغاچنى تاپماق بەكمۇ تەس كەلدى. تار جىلغىدىن نەچچە كۈن ئىزدەپ مىلىك تەستە تاپتىم. كۆك دېڭىزنىڭ ئارىلىدا دەل - دەرەخ بەكمۇ ئاز ئىدى. لېكىن، يا ئوقنى ياسىغىلى بولىدىغان ياغاچنى ئاسانلا تاپقىلى بولاتتى. يا بېشىدىكى تاش بىلەن يا دەستىسىنى ۋە ئۇچىغا قىستۇرىدىغان پەينىمۇ تېپىش ناھايىتى ئاسان ئىدى.

بۇ نەرسىلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئەلۋەتتە بەك قىيىن ئەمەس. ئىلگىرى باشقىلارنىڭ بۇنداق قورالنى ياسىغىنىنى كۆرگەن بولسامۇ، ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغىنى بەكمۇ ئاز ئىدى. قىشنىڭ بىر ئاخشىمى دادامنىڭ كەيپىدە ئولتۇرۇپ ياغاچنى ئاقلاپ يا دەستىسىنى، تاشنى تېشىپ يا بېشىنى ياسىغىنىنى، ئاندىن پەينى يا دەستىسىگە سانجىپ قويغىنىنى كۆرگەن، لېكىن كۆزۈم دادامدا بولسىمۇ، ھېچنېمە ئېسىمدە قالمىغانىكەن. ئەگەر كەلگۈسىدە ئۆزۈمنىڭ قول سېلىپ ياسايدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ھەرگىزمۇ ئۇنداق قارىماسكەنمەن.

شۇ سەۋەبتىن نەچچە كۈننى ئىسراپ قىلىپ، نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئوقيانى ئاران ياساپ چىقتىم.

ھازىر نەگىلا بارماي، مەيلى قىرغاقتا بىرىپ قۇلۇلە تۇتاي، ياكى جىلغىغا بېرىپ سۇ ئەكېلەي، بۇ قورالنى ئارقان بىلەن دۈمبەمگە ئارتىۋالىدىغان بولدۇم.

لالما ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرسامۇ، لالما ئىتلار قورال ياساۋاتقان كۈنلەردە قونالغۇمغا كەلمىدى.

قورالنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم لالما ئىتلارنىڭ

باشلامچىسىنى كۆرۈپ قالدىم. سېرىق كۆز كۆل رەڭ ئىست چاتقاللىقتا ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا جىلغىغا سۇغا چۈشكەنىدىم، ئۇ بۇلاقنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېدىردا بېشىنى چاتقاللىقتىن چىقىرىپ، مىت قىلماي ماڭا قاراپ تۇراتتى، مەندىن خېلىلا يىراقتا بولغاچقا، قارىغا ئالسامىمۇ تەگكۈزەلمەيتتىم.

كۈندۈزى نەگىلا بارماي، يېڭى قورالىمنى ئېسىۋالسام خاتىرجەم يۈرەتتىم. رامۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرگەن لالما ئىتلارغا بۇ قورالىم بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەۋرچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈۋاتتىم. لالما ئىتلارنىڭ ئۆڭكۈرىگە قايتا بارمىدىم، ئۇزاققا بارماي ئۇلارنىڭ قونالغۇمغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى يەنىلا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلايتتىم.

تاشنىڭ ئۈستى مۇدۈر - چوقۇر بولغاچقا، بىرىنچى كۈنى كەچتە ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. كېيىن دېڭىز ساھىلىدىن ئازراق دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزۈمگە ئورۇن راسلىۋالدىم.

ئېگىزدە ئوڭدا ياتقىنىمدا ئۆزگىچە لەززەتتە بولىدىكەن. كۆكتە يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. ئوڭدا يېتىپ بىلىدىغان يۇلتۇزلارنى سانايتتىم، بىلمەيدىغان يۇلتۇزلارغا ئىسىم قوياتتىم.

سەھەردە، چايكىلار قىيا يېرىقلىرىدىكى ئۇۋىلىرىدىن ئۇچۇپ، كۆلچەك ئەتراپىدا نەچچىنى ئايلىنىپ يەرگە ئاستا قوناتتى - دە، ئىككى پۇتىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ بىر پۇتلاپ تۇرغىنىچە ئىلمەك تۇمشۇقى بىلەن ئۇچىسىغا سۇ چېچىپ، پەيلىرىنى تارايتتى، ئاندىن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، دېڭىز ساھىلىدىن يېمەكلىك ئىزدەيتتى. ساقانقۇشلار دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى بەلبېغىنىڭ سىرتىدىكى سۇپسۈزۈك سۇ يۈزىدە پەرۋاز قىلىپ يېمەكلىك ئىزدەشنى باشلىۋەتكەنىدى. بىرەر تال بېلىقنى كۆرۈپ قالسا، بېشىچىلاپ شۇڭغۇپ، سۇ چاچراتقانىدا چىققان ئاۋازلارنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتىم.

قاملارنىڭ سۇ ئۆسۈملۈكلىرىدىن يېمەكلىك ئىزدىگىنىگە سەپسالغانىدىم. بۇ قورقۇنچاق جانىۋارلار ئالىيۇتلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا كۆپ ئىدى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرى ئۇلارنىڭ سىلىق تېرىسىگە سىپىلىۋاتاتتى.

لېكىن، ئېگىز تاشتا يېتىپ ئاسماندىكى چاراقلاپ تۇرغان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمدا، يەنىلا ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېمىسىنى ئويلايتتىم. سۇبھىدىكى تاڭ نۇرى دېڭىز يۈزىگە يېيىلغاندا، بىرىنچى بولۇپ قارايدىغىنىم مارجان قولتۇقىدىكى كىچىك پورت ئىدى. ئاخشام كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ، ھەر كۈنى سەھەردە ئۆيەردىن كېمىنىڭ قارىسىنى ئىزدەيتتىم. ئەمما، ھەر كۈنى دېڭىز يۈزىدە بىر توپ چايكىلار ئۇچۇپ ئۆتكەندىن باشقا، ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

كالاس - ئاتلىقلار بار چاغدا، كۈندە دېگۈدەك كۈن چىقماستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تۈرلۈك ئىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم. لېكىن ھازىر قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، كۈن خېلى ئۆرلىگەندە، ئاندىن تاشتىن چۈشەتتىم. ئاۋۋال ناشتا قىلىپ، ئاندىن بۇلاق بېشىغا بېرىپ، ئىلمان سۇدا يۇيۇنۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ قۇلۇلە ئىزدەيتتىم. بەزىدە نەيزە بىلەن بېلىق تۇتۇپ، كەچلىك تاماق ئېتەتتىم. قاراڭغۇ چۈشمەستىلا، تاشقا يامىشىپ چىقىپ، دېڭىزغا تاكى تۈن قاراڭغۇسىدا ئاستا - ئاستا كۆزدىن يىتكۈچە قارايتتىم.

كېمە كەلمىدى، مۇشۇنداق قىلىپ قىش تۈگەپ، ئەتىياز پەسلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

## يالغۇز دېڭىزغا چىقىش

ياز كۆك دېلفىن ئارىلىنىڭ ئەڭ ياخشى پەسلى ئىدى. كۈننىڭ تەپتى كۈچلۈك بولۇپ، يېقىشلىق دېڭىز شامىلى گاھىدا غەربتىن، گاھىدا جەنۇبتىن چىقاتتى.

كېمىنىڭ مۇشۇنداق كۈنلەردە كېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ھازىر ۋاقتىمنى تولاراق تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزەتتىم. ئېدىرلىقتىن ئۆتۈپ شەرقكە — قەبىلىمىز بىپايان دېڭىزنى بويلاپ ئۇزاپ كەتكەن يىراق شەرقتىكى دۆلەت تەرەپكە باقاتتىم.

بىر قېتىم، شۇ ياققا قاراۋېتىپ كىچىككىنە بىر قارىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى كېمىمىكىن دەپ كېيىن قارىسام، ئۇنىڭ تېنىدىن سۇ ئۆرلىدى، شۇندىلا ئۇنىڭ كىت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. يېزىچە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە كۆرمىدىم.

قىشنىڭ تۇنجى بورىنى ئۈمىدىمنى يوققا چىقاردى. مېنى ئالغىلى ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېمىسى كەلسىمۇ، ھاۋا ياخشى ۋاقىتتا كېلەتتى. شۇ تاپتا قىش ئۆتكۈچە ساقلىماي ئامالىم يوق ئىدى، قىشنى ئۆتكۈزسەم، يەنە قانچىلىك ساقلايدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

كۈن دېڭىزدىن چىقىپ، يەنە ئاستا ـ ئاستا دېڭىزغا پېتىپ، كۈنلىرىم شۇ تەرىزدە ئۆتتى. ئارالدا ئۆزۈمنىڭ يالغۇزلۇقى ئېسىمگە كەلسە، مېنى غېرىبلىق باساتتى. ئىلگىرى ئۆزۈمنى بۇنچىلىك

غىرىب ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم، چۈنكى ماتاساپىنىڭ دېگىنىدەك كېمىنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ھازىر ئۈمىدىم كۆپۈككە ئايلانغاچقىمۇ، بەكمۇ غېرىبسىنىدىم. تاماققىمۇ كۆڭلۈم تارتمايتتى، ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك قارا باساتتى.

شىمالدىن كەلگەن يامغۇرلۇق بوران دولقۇنلارنى شىددەت بىلەن ئۆركەشلىتىپ، كۆك دېڭىزنى ئارىلغا ئۇرۇلدى. ئۇنداق كۈچلۈك بورواندا تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، كارىۋتىمنى تاشنىڭ تۈۋىگە يۆتكىدىم. بەختەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، كېچىچە ئوتنى ئۆچۈرمىدىم. مۇشۇنداق بەش كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. بىرىنچى كۈنى كەچتىلا، لالما ئىتلار كېلىپ، گۈلخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇلاردىن ئۈچىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردۈم، ھېلىقى باشلامچى ئىتنىلا ئۆلتۈرەلمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قايتا كەلمىدى.

ئالتىنچى كۈنى يامغۇرلۇق بوران چىققانىدا قولۋاقلارنى يوشۇرۇپ قويغان جايغا بېرىپ، تىك ياردىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. بۇ يەردىكى دېڭىز ساھىلىغا شامال تەگمىگەچكە، قولۋاقلار شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئاشلىق ناھايىتى ياخشى تۇرۇپتۇ - يۇ، تاتلىق سۇ بۇزۇلۇپتۇ، شۇڭا بۇلاق تۈۋىگە قايتىپ بېرىپ، پاكىز سۇدىن لىق بىر تۇلۇم قاچىلىدىم.

بوران - چاپقۇنلۇق ئاشۇ كۈنلەردە كېمىنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، شەرقتىكى ھېلىقى دۆلەتكە قولۋاق بىلەن بارماقچى بولدۇم. ئېسىمدە قېلىشىچە، كېمۇجى مېڭىشتىن بۇرۇن سېھىرگەرلىككە تايىنىپ دەل ئاشۇ شەرقتىكى دۆلەتتىن كۆك دېڭىز ئارىلىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بۇرۇنقى بىرنەچچە ئەۋلاد ئەجدادلار، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شامال بىلەن دېڭىزنى باشقۇرالايدىغان سېھىرگەر دوختۇر گۇما بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدى. لېكىن بۇ ئىشلار مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى.

گۇمانى ئالىيۇتلار ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن، يەنە كېلىپ بۇ ئۆمرۈمدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان بولسامۇ، ئەزەلدىن ئۆلگەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغانىدىم.

دېڭىز ساھىلىدا تۇرغان چېغىمدا، ھەقىقىي ۋەھىمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەجدادلىرىمنىڭ ناھايىتى يىراق بەردىن كەلگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ دېڭىزدىن قولۋاق بىلەن ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتىم. كېمۇجىمۇ دېڭىزدىن قولۋاق بىلەن ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟ قولۋاقنى ئۇلاردەك ھەيدىيەلمىسەممۇ، راست گەپ قىلسام، شۇ چاغدا ئانچە ئەندىشە قىلىپمۇ كەتمىدىم. بىپايان دېڭىزدا بېشىمغا قانداق كۆلپەتلەر چۈشىدىغاندۇ دەپ ئويلاپمۇ يۈرمىدىم. بۇ ئارالدا يەككە - يېگانە تۇرۇپ، يا ئۆيۈم، يا ھەمراھىم يوق، لالما ئىتلاردىن قېچىپ يۈرگىنىمدىن بېشىمغا ھەرقانداق كۆلپەت كەلسە مىڭ ياخشى ئىدى. بۇ ئارالدىكى ھەممە نەرسە ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئايرىلغان قېرىنداشلىرىمنى ئەسلىتەتتى.

قىيا لېۋىگە توختىتىپ قويۇلغان تۆت قولۋاقتىن ئەڭ كىچىكىنى تاللىۋالدىم. لېكىن، بۇمۇ ئالتە كىشىلىك بولغاچقا بەك ئېغىر ئىدى. ئۇنى قانداق قىلىپ تۆت - بەش قولۋاقنىڭ ئۇزۇنلۇقىدەك كېلىدىغان ئارىلىقتىكى تاشلىقتا ئىتتىرىپ دېڭىز بويىغا ئاپىرىپ سۇغا چۈشۈرۈش كۆز ئالدىمدىكى بىر مۇشكۈل ئىش ئىدى.

ئاۋۋال قولۋاقنىڭ ئالدىدىكى چوڭ تاشنى يۆتكىۋەتتىم، ئاندىن شېغىل تاشلار بىلەن ئازگاللارنى تىندۇرۇپ، سۇ ئۆسۈملۈكلىرىدە ئۇزۇن سىيرىلدۇرۇش يولى ياسىدىم. دېڭىز ساھىلىنىڭ بۇ بۆلىكى تىك بولغاچقا، قولۋاقنى مىدىرلىتالىسام ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن سىيرىلىپ سۇغا چۈشەتتى.

مەن دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلغان چېغىمدا، كۈن غەربكە سارقىغان، غايەت زور تىك قىيانىڭ كەينىدە، دېڭىز تىپتىنچ

ئىدى. قولـۋاقنى قـوش پالاقتـا تېـزلا قوزغـاپ، ئارالنىـڭ جەنۇبىـدا ئايلىنىپ، قۇم ئارگاللغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز قاتتىق بـوران چىقىـپ كەتتى. قولۋاقنىڭ كەينىـدە پـالاق ئۇرۇۋاتـاتتىم، چۈنكى قولـۋاقنى كەينىدە تۇرۇپ تېززەك ھەيدىگىلى بولاتتى، لېكىن قـاتتىق بورانـدا باشقۇرالماي قالدىم.

شـۇنىڭ بىـلەن قولۋاقنىـڭ ئوتتۇرىـسىدا يۈكۈنۈۋېلىـپ، تـاكى قۇم ئارگاللنىـڭ ئەتراپىـدىكى جىـددىي ئېقىنـدىن ئۆتـۈپ كەتكـۈچە توختىمـاي كـۈچەپ پـالاق ئـۇردۇم. بـۇ ۋاقىتتـا، نۇرغـۇن ئـاجىز دولقـۇنلار ئۇرۇلـۇپ، بىردەمـدىلا كىيىملىرىمنـى پۈتـۈنلەي ھـۆل قىلىـۋەتتى. ئەممـا قـۇم ئارگالـدىن چىقىـشىمغىلا، ئۈستىبېـشىمغا بۇرغۇنلار چېچىلماي دېڭىز دولقۇنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئالـدىمغا قاراپ سۈرۈلدى. دولقۇن يۆنىلىـشىنى بـويلاپ پـالاق ئۇرسام ھەيـدىمىكىم ئاسـان بـولغىنى بىـلەن، ئۇنـداق قىلـسام خاتـا يۆنىلىـشكە كىرىـپ قـالاتتىم. شـۇڭا، بـۇ دولقـۇننى سـول تەرىپىمـدە قالـدۇرۇپ، يەنـى ئارالنىـڭ سـول تەرىپىـدە ماڭـدىم. كـۆك دېلفىـن ئـارىلى كەينىمـدە قالغان بولۇپ، بارا ـ بارا كىچىكلەۋاتاتتى.

قـاش قارايغانـدا كەيـنىمگە قارىـدىم. كـۆك دېلفىـن ئـارىلى ئاللىقاچـان كـۆزدىن يىتكەنـىدى. بـۇ ۋاقىتتـا مەن تـۇنجى قېـتىم قورقتۇم.

ھازىر ئەتراپىمدا سۇ تاغلار بىلەن سۇ جىلغىلارلا بـار ئىدى. دولقـۇنلار ئارىـسىدا ھېچنېمىنـى كۆرمـىدىم. قولـۋاق دولقـۇنلار ئارىسىدىن يېرىپ چىققاندا، كۆرىدىغىنىم چەكسىز كەتـكەن دېڭىـز ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، سۇ تۇلۇمىدىن بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتىم. قورۇغان ئاغزىم شۇئان نەملەشتى.

بىپايـان دېڭىـز جىمجىـت ئىـدى، نە ئاسـمان، نە دېڭىـز پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. دولقـۇنلاردىن ئـاۋاز چىقمـايتتى، پەقەت

قولۋاقنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە ياكى قولۋاققا ئۇرۇلغاندىلا، ئاندىن بوش ئاۋاز چىقاتتى. بۇ ئاۋاز ھېلى غەزەپلەنگەن كىشىنى ئەسلەتسە، ھېلى قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازغا ئوخشاپ قالاتتى. قورقۇنچ ماڭا ئاچلىقنى ئۇنتۇلدۇردى.

تۇيۇقسىز چاقنىغان بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ دەككە ـ دۈككىدە قالغان يۈرىكىم سەل ئىزىغا چۈشتى. بۇ يۇلتۇز مېنىڭ ئالدىمدىكى تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا، يەنى شەرق تامانىدا چاقناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا باشقا يۇلتۇزلارمۇ پەيدا بولغىلى تۇردى، لېكىن كۆزۈم ئاشۇ بىر يۇلتۇزغىلا تىكىلىپ قالغانىدى. بۇ بىز ئوبرازلاشتۇرۇپ ئاتىغان چوڭ يىلان يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى بىر يۇلتۇز، شۇنداقلا مەن بىلىدىغان، يېشىل نۇر چاچىدىغان يۇلتۇز ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا بۇلۇتلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالاتتى، بىراق ھايال ئۆتمەي يەنە نۇرلىنىپ چىقاتتى.

بۇ يۇلتۇز بولمىسا، بەلكىم نىشاندىن ئاداشقان بولاتتىم. چۈنكى، دېڭىز دولقۇنلىرى توختاي دېمەيتتى. ئۇلار ئوخشاش بىر نىشاندىن كېلىپ، مېنى بارماقچى بولغان تەرەپتىن ئىتتىرەتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك، قولۋاق قاپقاراڭغۇ دېڭىزدا يىلاندەك ئىلگىرىلەيـ ـتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەن يەنىلا ئاشۇ شەرقتە چاقنىغان يۇلتۇز تەرەپكە قاراپ سىلجىيتتىم.

بۇ يۇلتۇز تىكىلىشىپ بولغاچقا، ئەمدى شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزنى سول تەرىپىمگە ئېلىپ ماڭدىم. بۇ يۇلتۇزنى بىز «تۆمۈر قوزۇق» دەپ ئاتايتتۇق. ئەمدى شامال ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. ئادەتتە شامال يېرىم كېچىدە توختايتتى. شۇڭا قانچىلىك يول يۈرگىنىمنى، تاڭ ئېتىشقا قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلەتتىم.

بۇ ۋاقىتتا، قولۋاقنىڭ تېشىلگەنلىكىنى سەزدىم. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى يېمەكلىك قاچىلانغان سېۋەتتىن بىرنى بوشىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قولۋاقتىكى سۇنى چىقىرىۋەتكەندىم.

لېكىن، ھازىرقى تىزىمغا كەلگەن سۇ ھەرگىزمۇ دېڭىز دولقۇنى ئۇرۇلۇپ كىرگەن سۇ ئەمەس ئىدى.

پالاق ئۇرۇشنى توختىتىپ، قولۋاقتىكى سۇنى سېۋەت بىلەن ئۇسۇپ، تا قولۋاقنىڭ ئىچىدە سۇ تۆگىگۈچە توختىماي دېڭىزغا تۆكتۇم. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىمنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، قاراڭغۇدا قولۋاقنى سىلاپ يۈرۈپ، سۇ كىرىۋاتقان چاكنى تاپتىم. چاكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ، كەڭلىكى بارماق تومۇلۇقىدا كېلەتتى. چاكنىڭ كۆپ قىسمى قولۋاقنىڭ چۆكمىگەن قىسمىدا بولۇپ، قولۋاق ھەر قېتىم ئېگىز كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلارغا چۆكسىلا، چاكتىن سۇ كىرىپ كېتەتتى.

شال بىلەن شال ئارىسىدىكى چاك قارا موم بىلەن ئېتىلگەن بولۇپ، ئۇنداق نەرسىنى دېڭىز بويىدىن تېپىپ كېلەتتۇق. موم بولمىغاچقا، چاكنى ئېتىشكە ئامالسىز قېلىپ يوپكامدىن بىر پارچە لاتىنى يىرتتىم ـ دە، پوملاپ چاكقا تىقتىم.

كۆپكۆك ئاسماندا شەپەق پەيدا بولدى. دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدىن كۈن چىقتى. قارىسام ئۇ سول تەرىپىمدىن بەك يىراقتا ئىدى. كېچىدە قولۋاق نىشاندىن جەنۇبقا كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال نىشاننى ئۆزگەرتىپ، دېڭىز يۈزىدە ئەكس ئەتكەن كۈن نۇرىنى بويلاپ ماڭدىم.

شۇ كۈنى سەھەردە شامال چىقمىدى. دولقۇن قولۋاققا بوش ئۇرۇلۇپ ياناتتى. شۇڭا قولۋاق ئاخشامقىدىن تېز يۈردى.

بەك ھېرىپ كەتكەن بولساممۇ، ئارالدىن ئايرىلغان چاغدىكىدىن تېخىمۇ ئۈمىدكە تولغانىدىم. مۇشۇ ياخشى ھاۋا ئۆزگىرىپلا قالمىسا، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن خېلى يىراققا بېرىپ بولالايتتىم. يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتسە، بارماقچى بولغان قىرغاقنى كۆرەلىشىم مۇمكىن ئىدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ناتونۇش جايندىڭ قانداق

جاي ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتقاندا، قولۋاققا يەنە سۇ كىرىشكە باشلىدى. يەنىلا شۇ چاكىتىن كىرىۋاتاتتى. چاك تېخىمۇ چوڭ، يوكلۇنگەن يېرىمگە يېقىن ئىدى.

يەنە يوپكامدىن بىر پارچە لاتىنى يىرتىپ، پوملاپ چاكقا تىقتىم. قولۋاق دولقۇنغا ئەگىشىپ داۋالغۇيتتى. لاتا توختىماي سۇ كىرىۋاتقان چاكنى ئېتەلمىدى. يەنە كېلىپ قولۋاق ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەنلىكتىن ئىككى تال شال بەك چورۇكلىشىپ كەتكەنىدى. دولقۇن كۆچىيىپ كەتسە ئۇلار پۈتۈنلەي ئاجراپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

يەنە ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەرسەم خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىردىنلا بىلدىم. پۈتۈن مۇساپىگە بەلكىم ئىككى كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتەتتى. ئەگەر ئارالغا قايتسام ئۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيتتى. بىراق يەنىلا قايتىش قارارىغا كېلەلمىدىم. دېڭىز يۈزى تېپتىنچ ئىدى، يەنە كېلىپ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدىم. شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەمدى يەنە ئارالغا قايتىپ كېتىشكە راستتىنلا رايىم بارمايتتى. ئاشۇ قاقاس ئارالغا قايتىپ، ئۇ يەردە تىكەندەك، يۆلەنچۈكسىز ياشاشنى ئويلىسام كۆڭلۈم تېخىمۇ ئۇنىمايتتى. مەن ئۇ يەردە يەنە قاچسانغۇچە تۇرماقچى؟

بۇ خىياللار كاللامنى ئايلاندۇرۇپ قويدى. قولۋاق تىنچ دېڭىزدا لەيلەپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن چاكتىن كىرىۋاتقان سۇنى كۆرۈپ، دەرھال پالاقنى قولۇمغا ئالدىم. ئارالغا قايتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

تەلىيىم ئوڭدىن كەلسە، ئاندىن ئارالغا قايتىپ بارالايدىغانلىقىمنى ئۇقاتتىم.

كۈن چىققاندا ئاندىن شامال چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن خېلى ئۇزۇن يۈرگەنىدىم. پەقەت قولۋاققا سۇ كىرىپ

كەتكەندە توختاشقا مەجبۇر بولاتتىم. شامال بولغاچقا، كېمە بەك ئاستا مېڭىۋاتاتتى، مەنمۇ تولا توختايتتىم. ھېلىمۇ ياخشى قولىۋاق گىرۋىكىدىن كىرگەن سۇ بايا چاكتىن كىرگەنىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى.

بۇ مېنىڭ تۈنجى كەلگەن تەلىيىم بولدى. ئىككىنچى قېتىم كەلگەن تەلىيىم شۇ چاغدا دېلفىنلار پەيدا بولدى. ئۇلار غەرب تەرەپتىن كەلدى، بىراق قولىۋاقنى كۆرۈپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېيىمدىن ئەگىشىپ ئۈزدى. ئۇلار ناھايىتى ئاستا، ماڭا بەك يېقىن ئۈزۈپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ كۆزىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى يوغان، دېڭىزنىڭ رەڭگىدە ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇلار قولىۋاقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، مەركىزدەك ئۈزۈپ، ھېلى چۆكسە، ھېلى لەيلەيتتى. يالپاق ئېغىزلىرى بىلەن رەخت توقۇۋاتقاندەك قىلىشاتتى.

دېلفىن بەخت - سائادەتنىڭ سىموۋولى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىمدا ئۈزۈپ يۈرگىنىدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. قولۇم پالاق بىلەن سۇ ئۈركىلىپ قانىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا قارىساملا ئاغرىق ئازابىمنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئۇلار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن بەك غېرىبسىنغانىدىم. لېكىن ھازىر يېنىمدا دوستلىرىم بولغاچقا، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

كۆك دېلفىنلار قاراڭغۇ چۈشەي دېگەنىدە ئاندىن مەندىن ئايرىلدى. ئۇلار قانداق تېز ئۈزۈپ كەلگەن بولسا، شۇنداق تېز ئۈزۈپ غەربكە كەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ماڭا كەچكى شەپەق ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈندى، قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ ئۇلارنىڭ سىماسى كۆزۈمدىن نېرى كەتمىدى، شۇڭلاشقىمۇ قىڭغىيىپ ئۇخلىۋالغۇم كەلگۈچە پالاق ئۇرالىدىم.

باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئەنە شۇ كۆك دېلفىنلار مېنى

ماكانىمغا يەتكۈزۈپ قويدى.
قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن، تۇمان كۆتۈرۈلدى، لېكىن غەرب ئاسمىنىغا ئېگىز ئېسىلغان بىر يۇلتۇزنى يەنىلا كۆرەلەيتتىم. ئۇ يۇلتۇزنىڭ ئىسمى راك بولۇپ، شەكلى راكقا ئوخشاپ كەتكەچكە، ئىسمى شەكلىگە قاراپ قويۇلغانىدى. شالىنىڭ چېكى بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتاتتى. چاكقا توختىماي لاتا قىستۇراتتىم، سۇنى ئۇسۇپ دېڭىزغا تۆكەتتىم.
بۇ كېچە بەكمۇ ئۇزاق، ئالدىنقى كېچىدىنمۇ ئۇزاق بىلىندى. بەكمۇ قورققان بولسامۇ، يەنىلا قولۋاقتا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىككى قېتىم مۈگدەپ كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدىم. ئاخىر تاڭ ئاتتى، ئالدىمدا كۆك دېلفىن ئارىلىنىڭ ئىزناسى خىرە - شىرە پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى دېڭىزدا ئاپتاپسىنىپ ياتقان يوغان بېلىققا ئوخشايتتى.
كۈن تېخى بەك ئېگىز كۆتۈرۈلمەستىنلا كۆك دېلفىن ئارىلىغا يېتىپ كەلدىم. قۇم ئازگالغا توشۇپ كەتكەن سۇ مېنى دېڭىز بويىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويدى. يۆكۈنۈپ ئولتۇرغاچقا ئىككى پۇتۇم قېتىپ قالغانىدى. قولۋاق ساھىلغا ئۇرۇلغاندا يىقىلىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولۋاقتىن چىقىشىم بىلەن يەنە يىقىلىپ كەتتىم. تېيىز سۇ ئۇرۇلۇۋاتقان قۇم ئازگالدىن ئۆمىلەپ ئۆتتۇم. ئۇ يەردە قۇمنى قۇچاقلاپ خېلى ئۇزاق ھۇزۇرلىنىپ ياتتىم.
بەك ھېرىپ كەتكەنىدىم. لالما ئىتلارنى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق، ناھايىتى تېز ئۇيقۇغا كەتتىم.

## ئون بىرىنچى باب

# دېلفىن ئارىلىغا قايتىش

دېڭىز دولقۇنلىرى پۈتۈمغا ئۇرۇلغاندا ئاندىن ئويغاندىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، بىراق بەك چارچاپ كەتكەچكە قوم ئازگالدىن چىقىپ كەتكۈدەك مادارىم يوق ئىدى. دۆڭگە، سۇ يېتىپ بارالمايدىغان بىر جايغا يامىشىپ چىقىپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، يېقىنلا جايدىن قولۋاقنى تاپتىم. سىۋەت، نەيزە، ئوقيانى ئېلىۋېلىپ، قولۋاقنى سۇ ئېقىتىپ كەتمىسۇن دەپ دۆڭ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ھېلىقى ئېگىز تاشقا يامىشىپ چىقتىم.

بۇ تاشتا ئۆرە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىغىنىمدا، بۇ يەردىن ئايرىلغىنىمغا ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىنىمدىن ئىنتايىن خۇرسەن ئىدىم. كۆرۈنگەن ھەممە نەرسىلەر — دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدا ئويناپ يۈرگەن قامىلار، قولتۇقنى قوغداپ تۇرغان خادا تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا كۆتۈرۈلگەن بۈژغۇنلار، ئۇچۇپ يۈرگەن چايكىلار، قوم ئازگالغا ئۇرۇلۇپ يانغان دولقۇنلارنىڭ ھەممىسى قەلبىمنى شادلاندۇراتتى.

نېمىشقا بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقىنىمدىن ئىنتايىن ھەيران بولدۇم. تېخى يېقىندىلا مۇشۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغىنىمدا، بۇ

يەردە بىر كۈنمۇ تۇرغۇم كەلمىگەنىدى.

يىراقتا سوزۇلغان كۆپكۆك دېڭىزغا قارىغىنىمچە سەپەردە ھېس قىلغان ۋەھىمىنى يەنە قايتىدىن ئەسكە ئالدىم. ئەتىگەندە بۇ ئارالغا تۇنجى قېتىم نەزەر سالغىنىمدا، ئارال ماڭا ئاپتاپسىنىپ ياتقان يوغان بىر تال بېلىققا ئوخشاش كۆرۈنگەنىدى. شۇ چاغدا، ھامان بىر كۈنى، قولۋاقنى يەنە ئۆرۈپ يەنە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىپ، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىكى ھېلىقى دۆلەتنى تاپىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ھازىر بۇنىڭ زادى مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

كۆك دېلفىن ئارىلى مېنىڭ ماكانىم، ئۇنىڭدىن باشقا ماكانىم يوق. ئاق تەنلىكلەر كېمە بىلەن بۇ ئارالغا كەلگۈچە بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ياشايمەن. بىراق ئۇلار پات ئارىدا، كېلەر يىلى ياز كەلمەي تۇرۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆيۈم، ئوزۇق - تۈلۈك ساقلايدىغان يېرىم بولمىسىمۇ بولمايدۇ. بىر ئۆي سېلىشىم كېرەك. لېكىن قەيەرگە سالىمەن؟

شۇ كۈنى كەچتە تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆي سالىدىغان جاي ئىزدىدىم. ئەتىگەندە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، شىمال تەرەپكە قاتمۇقات بۇلۇت توپلىنىۋالغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇلۇتلار ئارالغا كېلەتتى، ئۇلارنىڭ كەينىگە كۈچلۈك يامغۇرلۇق بوران يوشۇرۇنغانىدى. ئەمدى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلسام بولمايتتى.

ماڭا شامالدىن دالدا بولىدىغان، مارجان قولتۇقىغا يىراق بولمىغان، قارىساملا بۆلاق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جاي لازىم ئىدى. ئارالدا بۇ شەرتكە چۈشىدىغان جايدىن ئىككىسى بار: بىرى تۆپىلىكتە، يەنە بىرى غەرب تەرەپتىكى بىر چاقىرىمۇ كەلمەيدىغان جايدا ئىدى. بۇ ئىككى جاينىڭ ئىچىدە تۆپىلىك تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. بىراق، يەنە بىر جايغا بارمىغىنىمغا

ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ كەتكەچكە، ئاۋۋال شۇ جايغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن قارار چىقارماقچى بولدۇم.
ئاۋۋال بۇ يەرنىڭ لالما ئېتلارنىڭ ئۆۋسىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم، بۇنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالغانىكەنمەن. لالما ئېتلارنىڭ ئۆۋسىغا يېقىن بېرىشمىغا ئۇلارنىڭ باشلامچىسى ئۆگكۈرنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ، سېرىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. ناۋادا بۇ يەرگە ئۆي سالسام ئاۋۋال بۇ ئىت بىلەن لالما ئېتلار توپىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش زۆرۈر ئىدى. قانداقلا قىلىپ بولسۇن شۇنداق قىلماقچى بولدۇم، بىراق بۇنىڭغا بەك ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى.
بۇ يەردىكى بۇلاق سۈيى تۆپىلىكتىكى بۇلاق سۈيىدىن ياخشى، شورى ئاز ئىدى ھەم ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇراتتى، سۇ ئېلىشمۇ ئاسانراق ئىدى، چۈنكى بۇ سۇ تۆپىلىكتىكى بۇلاق سۈيىدەك جىلغىدىن ئېقىپ چىقماي، تاغ ئېتىكىدىنلا ئېقىپ چىقاتتى. بۇ بۇلاق ئۆيۈمگە دادا بولۇپ تۇرىدىغان قىيا بىلەن تۇمشۇققا ناھايىتى يېقىن ئىدى.
بۇ يەردىكى قورام تاشلار تۆپىلىكتىكى قورام تاشلاردەك ئېگىز ئەمەس ئىدى، بورانىنى دېگەندەك توسۇيالمىسىمۇ، ئۈستىدە تۇرۇپ، شىمالىي دېڭىز قىرغىقى بىلەن مارجان قولتۇقىنى كۆرەلىگۈدەك ئېگىز ئىدى.
ئاخىرىدا ئۆيىنى قەيەرگە سېلىش توغرۇلۇق قارار چىقىرىشىمغا دېڭىز پىللىرى سەۋەبچى بولدى.
بۇ يەردىكى تىك قىيالارنىڭ كۆپىنچىسى شامالدا يېمىرىلىپ غايەت زور سۇ ئاستى خادا تاشلىرىغا ئايلىنىپ قالغان، دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە بۇ تاشلارنىڭ يېرىمى سۇنىڭ ئاستىدا قالاتتى. دېڭىز پىللىرى ئۈچۈن خادا تاشلىق ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى، بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە ئۇلار بۇ تىك قىيالارنىڭ قاپتىلىغا

يامشىپ چىقىۋالاتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بولسا دېڭىزدا بېلىق تۇتاتتى ياكى بولمىسا تاشلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاپتاپسىنىپ ياتاتتى.

ئەركەك دېڭىز پىلى ناھايىتى چوڭ، ئومۇمەن ئوتتۇز ئادەمنىڭ ئېغىرلىقىچىلىك كېلەتتى. چىشى دېڭىز پىلى خېلىلا كىچىك بولاتتى، بىراق ئۇلار ئەركەك دېڭىز پىللىرىغا قارىغاندا بەك سۈرەن - چۇقان سالاتتى، كۈنبويى چىرقىرايتتى، بەزىدە كىچىلىرىمۇ ئاراملىق بەرمەيتتى. بالا دېڭىز پىللىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

ئۇ كۈنى ئەتىگەندە دېڭىز دولقۇنى ئېگىز بولمىدى، دېڭىز پىللىرىنىڭ تولىسى قىرغاقتىن يىراقتا ئىدى. يۈزدەك دېڭىز پىللىرىلا دولقۇن ئارىسىدا لەپەڭشىپ يۈرۈپ قۇلاقنى يارغۇدەك قىيقاس - چۇقان سېلىۋاتاتتى. كەچ كىرگۈچە شۇ يەردە ئۇ ياق- بۇ ياققا قاراپ يۈرۈپ، كەچ كىرگەندە شۇ يەردىلا قونۇپ قالدىم. تاڭ سەھەردە دېڭىز پىللىرىنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇ يەردىن ئايرىلىپ تۆپىلىككە قايتىپ كەلدىم.

جەنۇب تەرەپتە يەنە بىر ئۆي سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ئورۇن بار ئىدى. بۇ كالاس - ئات كەنتىنىڭ خارابىسىگە يېقىن بولغاچقا، ئۇ يەرگە بارغۇم كەلمىدى، چۈنكى ئۇ جاي ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنى يادىمغا سېلىپ قوياتتى. يەنە كېلىپ ئۇ يەرنىڭ بورىنى بەك كۈچلۈك ئىدى، كۆك دېلفىن ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇملۇقلارغىچە چىقىپ تۇراتتى، بىر يىلنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا قۇم - تاشلارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ ئۇدا ئىككى كۈن يامغۇر ياغدى. بىرنەچچە تال ياغاچ تېپىپ كېلىپ، يوغان تاشنىڭ تۈۋىگە بىر چېدىر تىكىپ، يامغۇردىن دالدىلاندىم. سېۋەتتىمدە قېپقالغان يېمەكلىكتىن ئازراق يېدىم، يامغۇردا ئوت قالاش مۇمكىن

بولمىغاچقا، بەك توڭلاپ كەتتىم.

ئەتىسى يامغۇر توختىدى. چىقىپ ئۆي سېلىشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئىزدىدىم، يەنە چىتلاق ياسايدىغانغا ياغاچ لازىم ئىدى. ئۇزاققا قالماي لالما ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەلىسەممۇ، ئارالدا يەنە نۇرغۇن كىچىك قىزىل تۈلكىلەر بار ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا تۇزاق قۇرۇپ، ئوقيا بىلەن ئېتىپ يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ كىچىك قىزىل تۈلكىلەر ھېيلىگەر ئوغرىلاردىن ئىدى. چىتلاق ياسىمىسام ھېچقانداق نەرسىنى ساقلىيالمايتتىم.

يامغۇر توختىغاندا، سەھەرنىڭ ھاۋاسى ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق بولدى. تاشقىندا ھاسىل بولغان كۆلچەكلەردىكى سۇنىڭ پۇرىقىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، جىلغىلاردىكى ياۋا ئوت - چۆپلەر ۋە قۇم بارخانلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر خۇش پۇراق چىقىرىۋاتاتتى. دېڭىز ساھىلىغا ناخشا ئېيتقاچ چىغىر يول بىلەن بېرىپ، ساھىلنى بويلاپ قۇم ئازگاللىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. بۇ كۈن ماڭا تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدەك بىلىندى.

بۇ ئۆي سېلىشنى باشلايدىغان ھەقىقەتەن ياخشى كۈن ئىدى.



# ئون ئىككىنچى باب

## ئۆي سىلىش

نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ئىككى كىت دېڭىز دولقۇنلىرىدا قۇم ئازگالغا چىقىپ قالغان. سۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى زىنىنەت بۇيۇمى قىلىنىپ، يېرىمى قۇمغا كۆمۈلگەن قوۋۇرغىلىرىلا يەنە شۇ يەردە ئىدى.

بۇ قوۋۇرغىلار بىلەن چىتلاق ياسىدىم. ئۇلارنى بىر- بىرلەپ كولاپ ئېلىپ، تۆپىلىككە توشۇدۇم. قوۋۇرغىلار ھەم ئۇزۇن، ھەم ئەگرى ئىدى، ئورەك كولاپ كۆمۈپ تىكلىسەم مەندىن ئېگىز بولدى.

بۇ قوۋۇرغىلارنى ئەگمىسىنى سىرتقا قارىتىپ بىر - بىرىگە يۆەپ تىكلەپ چىقتىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقالمايتتى. ئاندىن ئۇلارنى دېڭىز چۆپىدىن ئارقان ئېشىپ باغلىدىم، بۇ ئارقان قۇرۇغانسېرى كىرىشىپ بەك چىڭىپ كېتەتتى. ئەسلىدە قوۋۇرغىلارنى دېڭىز يىلپىزىنىڭ پېيى بىلەن باغلاشنى ئويلىغانىدىم، دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئەشكەن ئارقاندىن چىدامىلىق بولاتتى، بىراق دېڭىز يىلپىزىنىڭ پېيىگە ياۋايى ھايۋانلار ئامراق بولۇپ، نەچچە كۈندىلا چىتلاقنى غاجاپ ئۆرۈۋېتەتتى. بۇ چىتلاقنى ياساشقا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۈم، ئەگەر قورام تاشنى چىتلاقنىڭ بىر تېمى قىلمىغان

بولسام، تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
چىتلاقنىڭ ئاستىدىن ئۆرەك كولاپ كىرىپ - چىقىدىغان ئىشىك قىلىۋالدىم. ئۆرەكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، چوڭقۇر - تېيىزلىقى بىر ئادەم ئۆمىلەپ كىرىپ چىققۇدەكلا بولدى. ئۆرەكنىڭ ئاستىغا تاش ياتقۇزۇپ، ئىككى تەرىپىنى تاش بىلەن قوپۇردۇم. ئۆنىڭ ئاغزىغا ئوت - چۆپلەردىن بىر پارچە بورا توقۇپ، يامغۇر توسىدىغان قىلىپ سىرتىدىن ئېسىپ قويدۇم، ئىچىگە بولسا يۆتكىگىلى بولىدىغان يوغان بىر ياپىلاق تاشنى تىكلەپ قويدۇم.
چىتلاقنىڭ ئۆزۈنلۇقى سەككىز چامدام كەلدى، بۇ يەرگە تېرىپ كەلگەن نەرسىلىرىم بىمالال سىغاتتى، ياۋايى ھايۋاناتلارمۇ ئوغرىلاپ كىرەلمەيتتى. چىتلاقنى ياسىشىمغا سەۋەب بولغىنى بىرى، ھاۋا بەك سوۋۇپ كېتىپ قورام تاشتا ئۇخلىيالمىدىم، يەنە بىرى، لالما ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ئۆزۈم تىكىۋالغان چېدىردا ياتقۇم كەلمىدى.
ئۆي سېلىشىمغا چىتلاقنى ياساشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت كەتتى، چۈنكى ئۇدا نەچچە كۈن يامغۇر ياغقاچقا ئۆي سېلىشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تېپىش ئىنتايىن تەس بولۇپ كەتتى.
بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىدى: بۇرۇنقى زاماندا بۇ ئارالنىڭ ھەممە يېرى قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن تولغانىكەن. ئۇ ئۇزاق زامانلاردىن ئىلگىرى بولغان ئىش بولۇپ، تۇمايىۋۇت بىلەن مۇكات ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بۇ ئىككى ئىلاھ نۇرغۇن ئىشتا تالاش - تارتىش قىلىپ ئۇرۇشۇپ قالاتتىكەن. تۇمايىۋۇت ئادەملەرگە ئۆلۈم تىلىسە، مۇكات ئۆمۈر تىلەيدىكەن. تۇمايىۋۇت ئاچچىقىدا بارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ بۇ ئالەمنىڭ تېگىدىكى يەنە بىر ئالەمگە كېتىپتۇ، ئۇ مۇشۇنداق قىلسام ئادەملەر ئۆلىدۇ دەپ قارايدىكەن.

شۇ چاغلاردا ھەممە يەردە ئېگىز - ئېگىز دەل - دەرەخلەر بار ئىكەن، ھازىر جىلغىدا بىرنەچچە تۈپلا دەرەخ بار. بۇ دەرەخلەر ھەم ئىنچىكە ھەم پاكار، شاخلىرىمۇ ئەگرى - بۈگرى، ئۈيگە تۈۋرۈك قىلغۇدەك بىر تال ياغاچنى تېپىشمۇ ئىنتايىن تەس. سەھەر چىقىپ كەچ قايتىپ، بىرنەچچە كۈن ئىزدەپ ئاخىر ئۆي سېلىشقا يېتەرلىك ياغاچ تاپتىم.

قورام تاشنى ئۆينىڭ كەينى تېمى قىلىپ، ئالدى تەرىپىنى ئوچۇق قويدۇم، چۈنكى ئۇ تەرەپكە شامال تەگمەيتتى. ياغاچلارنى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا ئوت ۋە تاش پىچاق بىلەن كەسلىدىم، بۇرۇن بۇنداق قورالالارنى ئىشلىتىپ باقمىغاچقا، بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا تارتتىم. ئۆينىڭ ھەربىر تەرىپىگە تۆت تالدىن تۈۋرۈكنى لايغا پاتۇرۇپ تىكلىدىم، ئۆگزىسىگە بولسا ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك ياغاچ ئىشلەتتىم. ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى تىيۇلېن پىيى بىلەن باغلىدىم. ئۆگزىنى چىشى دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن ياپتىم، چۈنكى چىشى دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭرەك بولاتتى.

ئۆيلۈم پۈتمەستىنلا قىشنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى. ھەر كۈنى كەچتە شۇ يەردە ئۇخلايتتىم، چىتلاق ئىنتايىن پۇختا بولغاچقا خاتىرجەم ئىدىم. مەن تاماق ئېتىۋاتقاندا، تۈلكىلەر كېلىپ چىتلاقنىڭ سىرتىدىن قاراپ باقاتتى، لالما ئىتلارمۇ كېلىپ ئىچىگە كىرەلمىگەچكە، كىتنىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنى غاجاپ ئۇنلۇك قاۋىشىپ كېتەتتى.

لالما ئىتتىن ئىككىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم، لېكىن ھېلىقى باشلامچى ئىتنى ئۆلتۈرەلمىدىم.

چىتلاق ياساپ، ئۆي سېلىۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا، دائىم قۇلۇلە بىلەن ئوكۇننى بىر پارچە ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە پىشۇرۇپ يېدىم، كېيىن تاماق ئېتىدىغان جابدۇقتىن ئىككىنى ياسىدىم.

دىگىز ياقىسىدىكى سۇ يالاپ پارقىرىتىۋەتكەن تاشلارنىڭ كۆپىنچىسى يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە ئىدى. ئوتتۇرىسى ئويمان تاشتىن ئىككىنى تېپىپ قۇم سۈركەپ، ئويمان ـ چوقۇرىنى تېخىمۇ چوڭايتىپ چوڭقۇرلاتتىم. بۇ تاشلاردا بىلىق پىشۇرسام شورپىسى ئېقىپ كەتمەيتتى، بىلىق شورپىسى ئىنتايىن تەملىك بولۇپ، ئىلگىرى ھەممىسىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنىدىم.

دان ۋە ياۋا ئوتياشلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن، قومۇشتا زىچ قىلىپ بىر سېۋەت توقۇدۇم. بۇ سەل ئاسانغا توختىدى، چۈنكى ئىلگىرى ئۇلاپا ئاچامدىن سېۋەت توقۇشنى ئۆگەنگەنىدىم. سېۋەتنى ئاپتاپتا قۇرۇتقاندىن كېيىن، دىگىز بويىدىن نەچچە پارچە موم تېرىپ كېلىپ، ئوتقا قاقلاپ ئېرىتىپ سېۋەتنىڭ ئىچىنى سۇۋاپ، سېۋەتنى سۇ ئاقمايدىغان قىلدىم. سېۋەتكە سۇ ئېلىپ، دانلارنى سېلىپ ئاندىن كىچىك تاشلارنى قىزىتىپ ئۇنىڭغا تاشلىساملا ئۇماچ تەييار بولاتتى.

ئۆيگە ئوچاقتىن بىرنى سالدىم. ئورەك كولاپ ئۇنى تاش بىلەن قوپۇردۇم. كالاس ـ ئات كەنتىدىكى چېغىمدا ھەر ئاخشىمى قايتا ئوت ياقاتتىم، ھازىر ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويسام بولمىغاچقا، ئۇخلايدىغان ۋاقتىمدا ئوتنى كۈل بىلەن كۆمۈپ قويۇپ، ئەتىسى ئېچىپ پۈۋلىسەملا ئىشىم كۆپ ئاسانغا چۈشەتتى.

ئارىلىدا تىيىن بەك كۆپ، ھازىر تامىقىم ئېشىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئاشقان تامىقىمنى قويىدىغان بىخەتەر يەر بولمىسا بولمايتتى. ئۆيۈمنىڭ كەينى تېمى ئېگىزلىكى دەل مۈرەمگە كېلىدىغان قورام تاش بولۇپ، تاشتىكى دەز ـ يېرىقلارنى چوڭايتىپ، تاش سۈركەپ تەكشىلەپ، نەچچە قەۋەتلىك جازا قىلىپ ياساپ، ئاشقان يېمەكلىكلىرىمنى ئۇنىڭغا قويۇپ قويسام، تىيىنلار ئالالمايدىغان بولدى.

قىش چىقىپ كەتكەن، تاغلاردىكى ئوت ـ چۆپلەر ئۇنۇشكە

باشلىغانىدى. ئۆيۈم ئىنتايىن راھەت، بوران - يامغۇردىن، ئەتراپتا يىمەكلىك ئىزدەپ تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان ياۋايى ھايۋاناتلاردىنمۇ قورقمايدىغان بولدۇم. نېمە يېگۈم كەلسە شۇنى پىشۇرۇپ يەيتتىم، كېرەكلىك نەرسىلەر ھەر ۋاقىت يېنىمدا تەييار ئىدى.

ئەمدى لالما ئىتلاردىن قۇتۇلىدىغانىنىڭ پىلانىنى تۈزىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەنىدى، بۇ ئىتلار ئىنىمنى تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، ئەگەر قورال ئېلىۋالمىغان ۋاقتىمدا ئۇچراپ قالسا مېنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قوياتتى. ماڭا ئېغىرراق نەيزە، چوڭراق يا ۋە ئۆتكۈر ئوق لازىم بولۇۋاتاتتى. قورال ياسايدىغان ماتېرىياللارنى تېپىش ئۈچۈن پۈتكۈل ئارالنى كېزىپ ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم. شۇنداق بولغاندا، پەقەت كەچتىلا قورال ياساشقا ۋاقتىم چىقاتتى. تاماق پىشۇرغان ئوتنىڭ يورۇقى بەك غۇۋا بولغاچقا ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بىز ساي - ساي دەپ ئاتايدىغان بىر خىل كىچىك بېلىقنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، كۆيدۈرۈپ چىراغ ئورنىدا ئىشلەتتىم.

ساي - ساي كۈمۈش رەڭلىك كىچىك بېلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ باش بارمىقىچىلىك كېلەتتى. ئايدىڭ بولغان ئاخشاملىرى بۇ كىچىك بېلىقلار توپ - توپ بولۇشۇپ سۇ يۈزىگە ئۈزۈپ چىقاتتى، ئۇلار ناھايىتى زىچ بولغاچقا، ئۈستىگە چىقىپ ماڭسىمۇ بولاتتى. ئۇلار دولقۇنغا ئەگىشىپ ئۈزۈپ، دولقۇن يانغاندا قۇمغا پېتىپ قالغانلىرى پىلتىڭلاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ساي - ساي بېلىقتىن نەچچە سېۋەت تۇتۇپ كېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتتۇم، ئاندىن ئۇلارنى قۇيرۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ تورۇسقا ئېسىپ قويدۇم، ئۇلار بەك سىبىىق پۇرىسىمۇ بەك يورۇق ياناتتى.

ئاۋۋال ئوقيا ياساپ سىناپ بېقىپ، بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، چۈنكى ئۇ بۇرۇنقى ئوقياغا سېلىشتۇرغاندا يىراققا باراتتى،

ھەم نىشانغا دەل تېگەتتى.
نەيزىنى ئەڭ ئاخىرىدا ياساشقا قويدۇم. نەيزىنىڭ دەستىسىنى شىلىپ سىلىقلاپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى تاش ھالقا ئېسىپ ئېغىرلاتتىم ۋە مۇقىملاشتۇردۇم. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن قەبىلە ئوغۇللىرىدەك دېڭىز پىلىنىڭ چىشىدىن نەيزە ياسىيالايدىغان- ياسىيالمايدىغانلىقىمنى دەڭسەپ كۆردۈم.
قانداق قىلغاندا چوڭ ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە نەچچە ئاخشام ئويلاندىم. دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدىن توقۇلغان تورنى ئىشلىتەلمەيتتىم، چۈنكى ئۇنى نەچچە ئەر بار كۈچى بىلەن بىرلىكتە تارتسا ئاندىن تارتىپ چىقىرالايتتى. بىرەرىنىڭ ئوقيا ياكى نەيزە بىلەن ئەركەك دېڭىز پىلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدىم، پەقەت ئۇنى تور تاشلاپ تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنىلا ئەسكە ئالالىدىم. بىز ئىلگىرى دېڭىز پىلىنىڭ يېغىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن دېڭىز پىللىرىنى ئۆلتۈرۈپ باققان، بىراق ئۇلارنىڭ چىشلىرى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى.
زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدىم. بىراق ئويلىغانسېرى ئىرادەم كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، چوقۇم سىناپ باققۇم كەلدى. ئارىلىدا نەيزە ياساشقا ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ قوزۇق چىشىدىنمۇ باب كەلگۈدەك نەرسە تاپالمىدىم.

## ئون ئۈچىنچى باب

# دېڭىز پىللىرى ئارىسىدىكى ئېلىشىش

دېڭىز پىللىرىنىڭ ماكانىغا بارغان تۈنجى كۈنى ئاخشىمى ئانچە كۆپ ئۇخلىيالمىدىم. ئاياللارنىڭ قورال - ياراغ ياسىشى مەنئىي قىلىنغان قانۇن يەنە ئېسىمگە كېلىپ قالغانىدى. ئوقۇمنىڭ تۈز ئېتىلىدىغان - ئېتىلمايدىغانلىقىنى، دېڭىز پىلىنىڭ يېرىك تېرىسىنى تېشەلەيدىغان - تېشەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ناۋادا بىر ئەركەك دېڭىز پىلى ماڭا ئېتىلىپ كەلسە قانداق قىلارمەن؟ ئەگەر يارىلىنىپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا لالما ئىتلارغا يولۇقۇپ قالسام قانداق قىلارمەن؟

كېچىچە دېگۈدەك مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ چىقتىم. بىراق ئەتىسى كۈن چىقىشى بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېڭىز پىللىرى توپلاشقان جايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

مەن قىياغا بارغانىدا، ئۇلار ئاللىقاچان خادا تاشلىقتىن ئايرىلىپ دېڭىز بويىغا بېرىپ بولغانىكەن. ئەركەك دېڭىز پىللىرى شېغىللاردىن شەكىللەنگەن يانتۇلۇقتا چوڭ - چوڭ يۇملاق كۆل رەڭ تاشلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دېڭىز دولقۇنىدا چىشىلىرى بىلەن باللىرى ئۈزۈپ ئويناۋاتاتتى.

بۇ ياش دېڭىز پىللىرىنى ئۇششاق دېڭىز پىللىرى دېيىسە قاملاشمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئەر كىشىلەردەك ئېگىز

ھەم يوغـان، لـېكىن ئـۇلار نۇرغـۇن جەھەتلەردىـن يەنـىلا يېڭـى تۇغۇلغان جانىۋارلار ئىدى. خۇددى كىچىك بـالىلار يـول مېڭىشنى ئۆگەنگەنـدەك، ئـۇلار ئانىسىغا ئەگىشىپ شـالاپ - شـۇلۇپ ئـاۋاز چىقىرىـپ ئىرغـاڭلاپ مېڭىـپ يـۈرەتتى، كىچىـك بالىلارنىـڭ يىغـا ئاۋازىغا ۋە شادلىق ئاۋازىغا ئوخشاش ئـاۋازلارنىلا چىقىراتتـى. ئـۇلار قىرغـاقتىن ئايرىلىـپ سـۇ ئۈزۈشـنى ئـۆگەنمەكچى بولـسا ئانىـسى دېڭىزغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ قويۇشى كېرەك، ئەمما ئۇلارنىـڭ تېنـى بەك يوغان بولغاچقا، ئانىلىرىنىڭ ئۇلارنى ئىتتىرىـپ چۈشۈرۈشـى ناھايىتى تەس ئىدى.

ئەركەك دېڭىــز پىلىلــىرى بەلگىلىــك ئـــارىلىق تاشـــلاپ يېتىـشقانىدى، چـۈنكى ئـۇلار مـىجەزى بەك ئوسـال، ئەزەلـدىنلا ھەسـەتخورلۇقى كۈچلـۈك بولغاچقـا، كـۆڭلىگە يـاقمىغۇدەك ئىـش بولـۇپلا قالـسا شـۇئان ئۇرۇشـۇپ كېتەتتـى. تـۆۋەن تەرىپىمـدىكى يانتۇلۇقتا ھەربىرى يوغانباش ئـادەملەردەك ئـۆز ئالـدىغا بىـر يەرنـى ئىگىـلەپ چىشلىرى ۋە بالىلىرىغا ھېزى بولۇۋاتقـان ئـالتە ئەركەك دېڭىز پىلى بار ئىدى.

چىـشى دېڭىـز پىللىرىنىـڭ تېرىـسى سـىلىقراق بولـۇپ، يـۈزى چاشقاننىڭكىگە ئوخـشاپ كېتەتتـى، ئۇچلـۇق بۇرنىدا يەنە نەچچە تـال سـەزگۈ بـۇرۇت بـولاتتى. ئەركەك دېڭىــز پىللــىرى باشـقىچە بولـۇپ، يوغـان بىـر پـارچە گـۆش بۇرنىنىـڭ ئۈسـتىدىن ئـاغزىغىچە ساڭگىلاپ تـۇراتتى. ئۇلارنىـڭ تېرىـسى ئىنتـايىن يىرىـك بولـۇپ، تېرىسىدە خۇددى ئاپتاپتا قۇرۇغان سېغىزنىڭكىدەك يېرىقچىلار بـار ئىدى. بۇ مەخلۇقلار ھەقىقەتەن سەت ئىدى.

قىيـادا تـۇرۇپ ئەركەك دېڭىـز پىللىرىنـى بىـر قـۇر كۆزىتىـپ، ئالتە دېڭىز پىلىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكىنى تاللىدىم.

ئاشـۇ بىرسـىدىن باشـقىلىرىنىڭ بـوي - تـۇرقى ئوخـشاش دېگـۈدەك بولـۇپ، ئـۇ كىچىكـى مەنـدىن ئەڭ يىـراق، تېنىنىـڭ

يېرىمنى تاش توسۇۋالغانىدى. ئۇ باشقا ئەركەك دېڭىز پىللىرىنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدىغان، ياش دېڭىز پىلى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى دېڭىز دولقۇنىدا چىشى دېڭىز پىلى بولمىغاچقا ئۇنىڭ ھازىرچە ئۆز ئالدىغا توپى يوقلۇقىنى، شۇڭا ئۇ بەكمۇ ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھەم ئاسان ئاچچىقلانمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

قىيادىن شەپە چىقارماي چۈشتۈم. نىشان قىلغان ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن، بىرنەچچە ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلەتتى، شۇڭا دىققەت قىلىشىم كېرەك ئىدى، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويسام بولمايتتى. ئۇلار ھېچنېمىدىن قورقمايتتى، مېنى كۆرسىمۇ مىت قىلىپ قويمايتتى، بىراق ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىماسلىقنى ئويلىدىم. يېڭىدىن ياسىغان، ئۇزۇنلۇقى ئۆزۈمنىڭ بويىچىلىك يا، بەش تال ئوق ئېسىۋالغانىدىم.

چىغىر يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل شېغىللىق ئىدى. شېغىللارنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى پەم بىلەن ماڭدىم. چىشى دېڭىز پىللىرىغا كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بەك ئېھتىيات قىلدىم، چۈنكى ئۇلار ئاسانلا ئۈركۈيتتى ھەم چىرقىراپ ھەمراھلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى.

ھېلىقى ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ ئاندىن ئۆرە بولدۇم ۋە يوغان بىر خادا تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ يانى ئوقلىدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا دادامنىڭ «سەن قىز بالا بولغاچقا يا سۇنۇپ كېتىدۇ» دېگەن گېپى يادىمغا كېلىپ قالدى.

كۈن غەربكە قىيسايغانىدى، بەختىمگە يارىشا سايەم ياش ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ ئۈستىگە چۈشمىگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىقىمىز بەك يېقىن بولۇپ، ئۇ ماڭا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇراتتى.

بىراق، ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئاتايمۇ ياكى بېشىغا دەپ بىرىنچى پاي ئوقنى ئۇنىڭ قەيىرىگە ئېتىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. دېڭىز پىلىنىڭ تېرىسى يىرىك، بىراق ئىنتايىن نېپىز بولۇپ، تېرىسىنىڭ ئاستىدا قېلىن بىر قەۋەت ياغ بار ئىدى. ئۇنىڭ تېنى يوغان بولسىمۇ، بېشى كىچىك بولغاچقا، ئوقنى بېشىغا تەگكۈزۈش تەس ئىدى.

تاشنىڭ كەينىدە نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، دادامنىڭ «ئايىاللار خەتەرگە يولۇققاندا، قولىدىكى ئوقىيا سۇنۇپ كېتىدۇ» دېگەن گېپى يەنە بىر قېتىم يادىمغا كەلدى. ياش دېڭىز پىلى قىرغاققا قاراپ ماڭدى. دەسلەپتە ئۇنى شەپەمنى سېزىپ قالغان چېغى دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىر توپ چىشى دېڭىز پىللىرىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم، بۇ چىشى دېڭىز پىللىرى يېقىنلا يەردىكى بىر قېرى ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ توپى ئىدى.

دېڭىز پىللىرى كالامپاي بولغان بىلەن، قول، ھەم پۇت بولىدىغان پالاق پۇتىنى توختىماستىن پالاقلىتىپ تېز ئىلگىرىلەيتتى. ھېلىقى ئەركەك دېڭىز پىلى سۇ بويىغا ئاز قالدى. بىرىنچى پاي ئوقنى ئۇزدۇم، ئوق تولپتۇز ماڭدى. بىراق ئوق ياش ئەركەك دېڭىز پىلىغا تېگەي دەپ قالغاندا قېيىپ كېتىپ، يا سۇنمىغىنى بىلەن ئوق ئۇنىڭغا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، تەگمەي قالدى.

تاشنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندىلا، ئاندىن بىر قېرى ئەركەك دېڭىز پىلىنىڭ يانتولۇقنى بويلاپ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ بىردەمدىلا رەقىبىگە يېتىشىۋېلىپ، مۈرىسى بىلەن بىرنى سوقۇپلا ياش ئەركەك دېڭىز پىلىنى سۇغا دومىلىتىپ چۈشتى. ياش ئەركەك دېڭىز پىلى ئۆرە بولسا بويى ئادەمنىڭكىدەك، ئۇستىخىنى ئىككى ئادەمنىڭكىدەك كېلەتتى،

لېكىن بۇ زەربىدە بىراقلا دوملاپ بېرىپ سۇغا چۈشۈپ، ھوشىدىن كەتتى.

قېرى ئەركەك دېڭىز پىلى ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسىۋېلىپ، بېشىنى چايقاپ ئۇنلۇك ھۆركىرەپ، قىيالىقتا زىلزىلە پەيدا قىلىۋەتتى. ئەتراپتىكى پالاق پۇتى بىلەن بەدىنىنى قاشلاۋاتقان چىشى دېڭىز پىللىرى بىلەن كىچىك دېڭىز پىللىرىمۇ توختاپ، ئۇلارنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلدى.

قېرى دېڭىز پىلى ئىرغاڭلىغىنىچە رەقىبىگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئىككى چىشى دېڭىز پىلى ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالسا، ئۇ ئۇلارنى خۇددى يولدىكى شېغىللارنى دەسسىگەندەك دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قورزۇق چىشى بىلەن ياش دېڭىز پىلىنىڭ قورسىقىنى تىلىۋەتتى.

ياش دېڭىز پىلى ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇردى، ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق قىزىل نۇر چاقنايتتى. قېرى ئەركەك دېڭىز پىلى يەنە بىر قېتىم رەقىبىگە ئېتىلغاندا، ياش دېڭىز پىلى ئۇنجى قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇمۇ قورزۇق چىشى بىلەن رەقىبىنىڭ بويىنىنى چىشلىۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يومىلاقلىشىپ دولقۇنلار ئىچىگە كىرىپ، ئېگىز دولقۇن كۆتۈرۈۋەتتى.

بۇ چاغدا چىشى دېڭىز پىللىرى تۆت تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت باشقا ئەركەك دېڭىز پىللىرىلا تۆپىلىكتە جىمجىت ئولتۇراتتى.

ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى دېڭىز پىلى ئۇرۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، قايتىدىن ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ مەن ئۇچۇن ياش ئەركەك دېڭىز پىلىغا ئوق ئۈزىدىغان ياخشى پەيت ئىدى. ئۇ ئوڭدا بولۇپ، قورزۇق چىشلىرىنى رەقىبىنىڭ بويىنىغا چوڭقۇر پاتتۇرۇۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ يېڭىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم

ھەمدە يوشۇرۇنۇۋالماي جايىمدا تۇرۇۋەردىم.

قىرى دېڭىز پىلىنىڭ بېشى ھەم مۇرىلىرىنى بېسىپ كەتكەن تاتۇقلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئېلىشىشلاردىن قالغان ئىزلار ئىدى. ئۇ توساتتىن قۇيرۇقىنى قاتتىق سىلكىپ ياش دېڭىز پىلىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋىدى، قۇيرۇقى بىر خادا تاشقا تەگدى. ئۇ قۇيرۇقى بىلەن خادا تاشنى تىرەپ تۇرۇپ ئۆزىنى سۇغا ئېتىپ، ئاندىن ياش دېڭىز پىلىدىن قۇتۇلالىدى.

ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە يانتۇلۇققا يامىشىپ چىقىپ يوغان ئاغزىنى ئاچتى. ياش دېڭىز پىلى رەقىبىنى قوغلىۋەتكۈسى كەلمەي ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى. ئۇ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاچقا، ماڭا ئېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ دەپ قالدىم - دە، ئالدىراپ ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن دەپ كەينىمگە يېنىشىمغا بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم.

پۇتۇم قاتتىق ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا چىشىمنى چىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بۇ چاغدا قېرى دېڭىز پىلى شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ رەقىبىگە ئېتىلدى، ياش دېڭىز پىلى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تىلىندى، قېرى دېڭىز پىلى ئۇنى يەنە سۇغا دومىلىتىپ چۈشتى.

دېڭىز سۈيى قىپقىزىل بويىلىپ كەتتى. ياش ئەركەك دېڭىز پىلى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ رەقىبىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئۇ قېرى ئەركەك دېڭىز پىلىنى مۈرىسى بىلەن توسۇۋىدى، ئىككى تاش سوقۇلغاندەك ئاۋاز ياڭرىدى. ياش دېڭىز پىلى يەنە بىر قېتىم رەقىبىنىڭ گېلىنى بوغۇۋېلىپ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى. ئۇلار سۇ يۈزىگە چىققاندا مەھكەم يومداقلىشىپ كەتكەنىدى.

كۆن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئۇلارنى ئېنىق

كۆرەلمەي قالدىم. پۈتۈم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى، يەنە بىرمۇنچە يول ماڭاتتىم، ئۇلاردىن ئايرىلمىسام بولمايتتى. مەن قىياغا يامىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاۋازى خېلى ۋاقىتقىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

## ئون تۆتىنچى باب

## ئۆڭكۆردە يارا ساقايتىش

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە يۈتۈم تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. چىتلاقتىن ئۆمىلەپ كىرىش، يەنە يوغان تاشنى يۆتكەش ماڭا بەكمۇ تەس كەلدى.

يۈتۈم بەك ئىششىپ كەتكەچكە، بەش كۈنگىچە سىرتقا چىقالمىدىم. ئوت - چۆپ دورا بولمىغاچقا يۈتۈمنىمۇ داۋالىيالمىدىم. يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈكۈم بولسىمۇ، ئۈچىنچى كۈنى سۈيۈم ناھايىتى ئاز قالدى. يەنە ئىككى كۈن ئۆتسە سۈيۈم تۈگەيتتى، شۇڭا جىلغىدىكى بۇلاققا بېرىپ سۇ ئەكېلىشكە مەجبۇر بولدۇم.

كۈن بىلەن تەڭ يولغا چىقتىم. يولدا يېگىلى ئازراق قۇلۇلە، ئاندىن نەيزە بىلەن ئوقيانىمۇ ئېلىۋالدىم. دۈمبەمگە يېمەكلىك يۈدۈپ، قولۇمدا قورال تۇتۇپ، ئۆمىلەپ ماڭغاچقا ئىنتايىن ئاستا ئىلگىرىلىدىم.

بۇلاققا بارىدىغان يول يىراق بولمىسىمۇ، بىرمۇنچە يوغان تاشتىن ئارتىلىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كەلگەچكە، ئۇلاردىن ئارتىلىپ بولالماي، ئايلىنىپ چاتقاللىق بىلەن ماڭدىم. جىلغىغا كۈن تىكلەشكەندە ئاندىن باردىم. بۇلاق بۇ يەرگە يېقىن ئىدى. بىرئاز ئارام ئېلىۋالمىسام بولمايتتى. ئۇسساپ كەتكەچكە كاكتۇستىن بىر پارچە كېسىۋېلىپ شورىدىم.

كاكتۇسنى شوراپ ئۇلتۇرسام ھېلىقى كۆل رەڭ ئىت ــ لالما ئىتلارنىڭ باشلامچىسى يۇقىرى تەرىپىمدىكى چاتقاللىقتا پەيدا بولدى. ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئىزىمنى پۇراپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى بايقاپ ھايال ئۆتمەي ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، شۇئان توختىدى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر توپ لالما ئىت بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، باشلامچىسى توختىشى بىلەن تەڭ ئۇلارمۇ توختىدى.

يانى ئېلىپ ئوقلىدىم، بىراق قارىغا ئېلىشىم بىلەن كۆل رەڭ ئىت چاتقاللىققا كىرىپ غايىب بولدى، باشقا لالما ئىتلارمۇ دەرھاللا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۇلار بۇ يەرگە كەلمىگەندەك، غايىب بولۇشتى، قارىغا ئالغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدىم.

قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ باقتىم. ئۇلار ئىنتايىن يەڭگىل ھەرىكەت قىلغاچقا ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىيالمىدىم، بىراق ئۇلارنىڭ مېنى قورشىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. ئۆمىلەپ ئاستا ماڭاتتىم، پات ـ پات توختاپ قۇلاق سالاتتىم، كەينىمگە قاراپ بۇلاققا قانچىلىك ئارىلىق قالغانلىقىنى مۆلچەرلەيتتىم، پۈتۈم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. چاتقاللار بەك قويۇق بولغاچقا، ئوقيانى ئىشلەتكىلى بولمايتتى، شۇڭا ئوقيانى كەلگەن جايىمغا تاشلاپ قويۇپ، بىر قولۇمدا نەيزەمنى سۆرەپ ئالدىمغا قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋەردىم.

بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلدىم. يوغان بىر تاشنىڭ يېرىقىدىن سۇ سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. بۇلاقنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئېگىز ھەم يوغان تاشلار ئوراپ تۇرغاچقا، لالما ئىتلار بۇ ئۈچ تەرەپتىن ماڭا ھۇجۇم قىلالمايتتى. دۈم يېتىپ سۇ ئىچكەچ، ئۇستۇمدىكى جىلغىنى كۆزەتتىم. سۇنى بەك ئۇزاق ئىچىپ، تولۇمغا لىق سۇ ئېلىپ، كۆڭلۈم خېلى ئارام تاپقاندا ئاندىن ئۆڭكۈرگە قاراپ ئۆمىلىدىم.

ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى يوغان قارا تاش ئاندا - مۇندا چاتقاللار ئۆسكەن ئۆڭكۈرنى يېپىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاتقاللار ئىچىدە ھېلىقى كۆل رەڭ ئىتنىڭ بېشىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلمايتتى، بىراق سېرىق كۆزلىرى ماڭا ئەگىشىپ ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇ مەن ئۆڭكۈرگە يېقىن كەلگەندىلا، ئاندىن ئاستا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئىتنىڭ بېشى، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىرىنىڭ كۆرۈندى. ئۇلار مەندىن ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا، نەيزەمنى ئۇلارغا يەتكۈزەلمەيتتىم.

جىلغىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى چاتقاللارنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى تۇساتتىن كۆرۈپ قالدىم. لالما ئىتلار تارقىلىپ، جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مېنى ساقلاۋاتاتتى.

ئۆڭكۈر ئالدىمدىلا ئىدى. ئۆڭكۈرگە يامىشىپ چىقىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ئۈستىمدىلا يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشلىرىنى ۋە دەرەخ شاخلىرىنىڭ قاراس - قۇرۇس قىلىپ سۇنغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم، ئارقىدىنلا جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئىنتايىن بەختەر ئىدىم. لالما ئىتلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار راستتىنلا كېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىدىكى چاتقاللىقتا ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈردى - يۇ، ئۆڭكۈرگە يېقىنلىششقا پېتىنالمىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى بەك كىچىك بولغان بىلەن، ئىچى چوڭ بولۇپ، ئۆرە بولۇپ ماڭغىلى بولاتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدىن سۇ تامچىپ تۇراتتى، ئوت بولمىغاچقا، ئىچى بەك سوغۇق ئىدى. ئۆڭكۈردە پۈتۈم ساقايغۇچە تۇردۇم، بۇ ئالتە كۈندە ئۆڭكۈردىن پەقەت بىر قېتىملا سۇ ئالغىلى چىقىپ باقتىم.

ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتىمدا، بۇ يەرنى ياساپ يەنە بىر ئۆي قىلىۋېلىپ، ناۋادا يەنە يارىلىنىپ ياكى كېسەل بولۇپ قالسام مۇشۇ يەردە تۇرماقچى بولدۇم. ساقىيىپ ھەرىكەت قىلالىغۇدەك بولۇپلا بۇ

ئىشقا تۇتۇش قىلدىم.

ئۆڭكۈر چوڭقۇر بولۇپ ئىدىردا ئىدى، ئىچى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ نەچچە بۆلەككە بۆلۈنەتتى، ماڭا پەقەت ئۇنىڭ كۈندۈزى كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاغزىغا يېقىن يېرىلا لازىم ئىدى.

بۇرۇنقى زامانلاردا ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ ئۆڭكۈرنى ئىشلەتكەنىكەن. سەۋەبىنى بىلمىدىم، ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ غەربىي تېمىغا سۇدا ئۇزۇۋاتقان ۋە ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان ساقانقۇش، دېلفىن، كىت، دېڭىز پىلى، چايكا، قۇزغۇن، ئىت ۋە تۈلكىلەرنىڭ رەسىملىرىنى ئويۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا يېقىن يېرىدىكى تاشقا ناھايىتى چوڭقۇر ئىككى ئورەك چېقىرىپ قويغانىكەن. بۇ ئورەكلەرگە تولۇمغا قارىغاندا خېلى جىق سۇ سىغاتتى، شۇڭا ئۇلاردا سۇ ساقلىماقچى بولدۇم.

يەنە بىر ئۆيۈمدىكىگە ئوخشاش قىلىپ تاشتىن بىرقانچە تەكچە ياساپ، تېرىپ كەلگەن قۇلۇلە، ياۋا مېۋىلەرنى شۇيەردە ساقلىدىم. بۇلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئىدىردىن يىغىپ كەلگەن ئوت - چۆپ دورىلارنىمۇ شۇ يەردە ساقلىدىم. تۇنجى قېتىم ياسىغان ئوقيايىمنىمۇ بۇ ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كەلدىم. ئەڭ ئاخىرىدا دېڭىز چۆپلىرىدىن يۇمشاق بىر تۆشەك راسلاپ، بىرمۇنچە ئوتۇن تېرىپ ئەكىرىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئۇستىدىن ئۆرۈلۈم كىرىپ - چىققۇدەك كىچىككىنە بىر تۆشۈكلا قويۇپ يوغان بىر تاش بىلەن تاقىۋەتتىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاغرىپ قېلىپ سۇ قالمىغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈنلا قىلدىم. بۇ ئىشلار ئىنتايىن جاپالىق، تولاراقى ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلار ئىدى. ئىشلىرىمنى تۈگەتمەي تۇرۇپ دېڭىز پىللىرى توپلاشقان جايغا يەنە باردىم.

مەن ئۇ يەرگە بارغاندا دېڭىز سۈيى پەسىيىپ قالغانىدى. يانتولۇقتا قېرى دېڭىز پىلىنىڭ ئۆلۈكى تۇراتتى. چايكىلار ئۇنىڭ

گۆشلىرىنى يەپ بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمگە كېرەكلىك نەرسىنى تاپتىم.

دېڭىز پىلىنىڭ بەزى چىشلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالقىنىمچىلىك، كەڭلىكى ئالقىنىمنىڭ يېرىمچىلىك كېلەتتى. چىشنىڭ ئۇچى سەل ئەگرى، بەزىلىرى يېرىلىپ كەتكەن، كەينى بەڭ كەڭ، ئۇچى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇلارنى قۇم سۈركەپ سىپتىلاپ، تۆت تال ئۆلچەملىك نەيزە ئۇچى ياسىدىم.

نەيزە ئۇچلىرىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تال نەيزە ياساپ، لالما ئىتلار بىلەن ئېلىشىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتكۈزدۈم.

# ئون بەشىنچى باب

## رانتونى كۆندۈرۈش

ئېسىمنى بىلگەندىن باشلاپلا كۆك دېلفىن ئارىلىدا لالما ئىتلار بار ئىدى. ئالېيۇتلار قەبىلىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىتلىرىمۇ لالما ئىتلارغا قېتىلىپ، لالما ئىتلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. ئۇلار كېچىسى كەنتىمىزدە ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، كۈندۈزىمۇ كەنتىمىزگە يېقىن يەرلەردە يۈرۈشەتتى. بىز شۇ چاغلاردا بۇ ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلاشقانىدۇق، بىراق كېمە كەپ قېلىپ كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كالاس ـ ئاتتىن كېتىپ قېلىشتى.

بۇ ئىتلارنىڭ ئاشۇ باشلامچىسى بولغاچقىلا شۇنچە غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئۇ بويۇن تۈكلىرى ئۇزۇن، كۆزى سېرىق يوغان ئىت ئىدى.

ئالېيۇتلار كەنتىمىزگە كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئىتنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، باشقىلارمۇ كۆرۈپ باقماپتىكەن، شۇڭا ئۇ چوقۇم ئالېيۇتلار ئەكېلىپ، كېتىدىغان ۋاقتىدا تاشلاپ ماڭغان ئىت. ئۇ بىزنىڭ ئارالدىكى ئىتلاردىن خېلىلا يوغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئىتلارنىڭ تۈكلىرى قىسقا، كۆزى قوڭۇر كېلەتتى. توغرا، ئۇ دەل ئالېيۇتلارنىڭ ئىتى.

تۆت ئىتنى ئۆلتۈرگەن بولساممۇ ئۆلتۈرمىگىنىم بەك كۆپ. مەن بۇ تۆتىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ، چۈنكى ئىتلار بىرمۇنچە كۈچۈكلىگەن، بۇ كۈچۈكلەر چوڭ ئىتلاردىنمۇ ياۋايى ئىدى.

لالما ئىتلار يوق چاغدا ئۆڭكۈرنىڭ يېنىدىكى ئېدىر يېنىغا بېرىۋېلىپ، بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇن يىغىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا يېقىن جايغا قويۇپ، لالما ئىتلارنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇلار كېچىسى نە نەلەردە ئوزۇق ئىزدەپ، ئەتىگەندە ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۇخلايتتى. مەن بىر يا، بەش تال ئوق ۋە ئىككى تال نەيزە ئېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىن غىمىسىدە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يان تەرىپىدىن ئۈستىگە چىقىۋالدىم. بىر تال نەيزىنى ئەپقېلىپ، قالغان قورالللارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە قويۇپ قويدۇم.

قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت يېقىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋەتتىم. لالما ئىتلار ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان چېغى، ئازراقمۇ تىۋىش چىقارمىدى. قوراللىرىمنى ئېلىپ يېقىنلا يەردىكى چوقچىيىپ تۇرغان يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم.

ئوت راسا ئۇلغىيىپ، ئېدىرنىڭ چوققىسىدىن تۈتۈن چىقىشقا باشلىدى، ئۆڭكۈردىكى ئىس تېخىمۇ قويۇق ئىدى. ئىتلار ھايال ئۆتمەي ئۆڭكۈردە تۇرالماي چىقىشاتتى. بەشتىن ئارتۇق ئۆلتۈرۈشنى ئويلىمىدىم، چۈنكى بەش تاللا ئوقۇم بار ئىدى، بەشىنىڭ بىرى ھېلىقى باشلامچى ئىت بولۇپلا قالسا قانائەتلىنەتتىم. ساقلىساممۇ ساقلاپ بەش تال ئوقتا باشلامچى ئىتنى ئېتىۋالسام تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مەن شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئوتۇن كۆيۈپ بولغۇچە بىرمۇ ئىت چىقمىدى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ ئىت يۈگۈرۈپ چىقتى. ئارقىدىنلا يەتتە ئىت يۈگۈرۈپ چىقتى. ئاھايىتى ئۇزاقتىن كېيىن يەنە يەتتە ئىت

چىقتى. ئۆڭكۈردە يەنە نۇرغۇنى بار ئىدى.
باشلامچى ئىت چىقتى. ئۇ باشقا ئىتلاردەك قېچىپ كەتمەي، كۈلىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا تۇرۇۋېلىپ، ئەتراپنى پۇراشقا باشلىدى. ئۇ ماڭا بەك يېقىن يەردە بولغاچقا، بۇرنىنىڭ تىترەۋاتقىنىنىمۇ كۆرەلىدىم. بىراق، يانى كۆتۈرۈشۈمگە ئۇ مېنى كۆرۈپ قالدى. تەلىيىم كەلدى بولغاي، ئۇ مەندىن ئۈركۈپ كەتمىدى.
ئۇ ماڭا قاراپ ئالدى پۇتلىرىنى كەرگىنىچە خۇددى ھازىرلا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك ئەلپازدا تۇراتتى. كۆزلىرى قىسىلىپ بىر تال سىزىقتەك بولۇپ قالغانىدى. ئوقنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگكۈزدۈم! ئۇ بۇرۇلۇپ بىر قەدەم ئېلىپلا يىقىلدى، ئۇنىڭغا يەنە بىر تال ئوق ئۈزگەنىدىم تەگمەي قالدى.
بۇ چاغدا ئۆڭكۈردىن يەنە ئۈچ ئىت يۈگۈرۈپ چىقتى. قالغان نەچچە تال ئوق بىلەن ئىككىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم.
مەن ئىككى تال نەيزەمنى ئېلىپ چوقچىيىپ تۇرغان يوغان تاشنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، چاتقاللىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، باشلامچى ئىت يىقىلغان جايغا باردىم، بىراق ئۇ يوق ئىدى. ئۇ مەن باشقا ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقاندا قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ يارىلانغاچقا، يىراققا كېتەلمەيتتى، بىراق يوغان تاشنىڭ ۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم.
ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردىم. ئۆڭكۈر بەك ئىچكىرى بولسىمۇ، ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۆڭكۈرنىڭ تۆرىدىكى بۇلۇڭدا يېرىم يېيىلگەن بىر تۈلكە ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قارا ئىت تۆت كۈل رەڭ كۈچۈكى بىلەن تۇراتتى. بىر كۈچۈك ماڭا قاراپ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ كەلدى. ئۇ يۇڭلۇق توپتەك بولۇپ، بىر قول بىلەن تۇتقۇدەكلا كېلەتتى. ئۇنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ بىر قولۇمنى ئۇزاتتىم، بىراق قارا ئىت ئورنىدىن

سەكرەپ تۇرۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ماڭا خىرىس قىلىۋىدى، نەيزەمنى تاشلىۋەتمەي كۆتۈرگىنىمچە ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقتىم. يارىلانغان باشلامچى ئىت ئۇ يەردىن چىقمىدى.

قاراڭغۇ چۈشەي دېدى، مەن ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئېدىرنىڭ ئېتىكىنى بويلاپ قىيالىققا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. لالما ئىتلار گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقاپ كېتىدىغان بۇ يولدا ئۇزۇن ماڭمايلا ئوق ئۇچىغا يېقىن يىرىسدىن غاجىلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن يا ئوقنىڭ دەستىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئالدىمغا يەنە ئازراق مېڭىپ باشلامچى ئىتنىڭ ئىزىنى كۆردۈم. بۇ ئىزلار تەكشىسىز بولۇپ، ئۇ بەك ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئىزلارنى ئىزلاپ قىياغا باردىم، بىراق بەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە ئىزنى يىتتۈرۈپ قويدۇم.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇدا ئىككى كۈن يامغۇر ياغقاچقا ئۇنى ئىزدىگىلى چىقالمىدىم. بۇ ئىككى كۈندە يەنە بىرمۇنچە ئوق ياساپ، ئۇچىنچى كۈنى ئوقلارنى ۋە نەيزەمنى ئېلىپ لالما ئىتلار ئۆيۈمگە قاترايدىغان چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتىم.

يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ ئىزلىرىنى يۇيۇۋەتكەن بولسىمۇ، چىغىر يولنى بويلاپ بىر دۆۋە تاشنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئىلگىرى ئۇلارنى بۇ يەردە كۆرگەنىدىم. مەن باشلامچى كۈل رەڭ ئىتنى يوغان تاشلار ئاخىرلاشقان يەردىن تاپتىم. ھېلىقى دەستىسى سۇنۇپ كەتكەن ئوق يەنىلا ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سانجىقلىق تۇراتتى، ئۇ بىر پۇتىنى باسۇرۇپ ياتاتتى.

ئۇ مەندىن ئون قەدەمچە نېرىدا بولغاچقا ئۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، بىراق يەنىلا نەيزەمنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قارىغا ئالدىم. نەيزىنى ئاتاي دەپ تۇرسام، ئۇنىڭ بېشى يەردىن بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ يەنە چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ھال مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭغا نەيزە ياكى ئوقيا ئاتايمۇ؟ ئىلگىرى ھايۋانلار ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، ئارقىدىن ئۇشتۇمتۇت ئېتىلغان ياكى قېچىپ كەتكەن ئىشلارغا تولا يولۇققانىدىم.

بۇنچىلىك ئارىلىقتا نەيزە ئىشلەتكەندىن ئوقيا ئىشلەتسە ياخشى بولاتتى، بىراق مەن ھەر ئىككىسىنى ياخشى ئاتالمايتتىم، شۇڭا يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بولسا شۇ يەردە تۇرۇپ ئېنىق كۆرەلەيتتىم. ناھايىتى ئاۋايلاپ ماڭدىم، ئىككىنچى تال ئوقنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلاپ قويدۇم، يانى ئوقلاپ ئۇنىڭ بېشىنى چەنلەپ تۇرۇپ كىرىچنى تارتتىم.

نېمىشقىكىن بىلمىدىم، بەلكىم كۆل رەڭ يوغان ئىت جايىدا مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقاچقىمىكىن، كىرىچنى تاش ئۈستىدە قويۇپ بەرمەي تارتقىنىمچە تۇراتتىم.

شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن تاشتىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشتۈم.

ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم، ئۇ يەنىلا مىدىرلىمىدى، ئۇنىڭغا يېقىن بارغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئوق ئۇچى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلغان پېتى تۇراتتى. سۇنۇق ئوق دەستىسى قانغا بويىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قېلىن بويۇن تېرىلىرى يامغۇردا مەينەت بولۇپ كەتكەنىدى.

ماڭا ئۇ كۆتۈرگىنىمنى ئۇقمىغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ تېنى جېنى چىقىپ كەتكەندەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بەك ئېغىر بولغاچقا، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئالدى پۇتلىرىنى مۈرەمگە ئېلىپ ئاران كۆتۈرەلىدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ھېرىپ قالسام ئارام ئېلىپ تۆپىلىككە ئېلىپ چىقتىم.

ئـۇنى يـۇدگەن پىتـى چىتلاقنىـڭ ئاسـتىدىكى تۆشـۈكتىن كىرسەم پاتمايدىغان بولغاچقا، چىتلاقنـى باغلىغـان ئەركەك دىڭىـز ئۆسـۈملۈكىنى كېسـىۋېتىپ، كىتنىـڭ قوۋۇرغىـسىدىن ئىككـى تـالنى سـۇغۇرۇپ چىقىرىۋېتىـپ ئۆيگە ئەكىرىـپ يەرگە قويـدۇم. ئـۇ ماڭـا قـاراپمۇ قويمـاي، بېـشىنى مىـدىرلىتىپمۇ قويمـاي، ئـاغزىنى يوغـان ئاچقىنىچە نەپەس ئالاتتى.

ھېلىمـۇ ياخـشى ئـوق ئـۇچى كىچىـك بولغاچقـا، چوڭقـۇر سـانجىلغان بولـسىمۇ ئاسـانلا تارتىـپ چىقىرىۋالـدىم. ئـۇ ئـوقنى تارتقۇچە مىدىرلىمىدى، ئارقىدىن ئاقلانغان مارجان يـاغىچى بىـلەن يارىـسىنى تـازىلىغۇچىمۇ مىدىرلىمـىدى. بـۇ خىـل چاتقاللارنىـڭ مېۋىـسى زەھەرلىـك ئىـدى، بىـراق شـاخلىرى باشـقا نەرسـىلەر داۋالىيالمايدىغان يارىلارغا شىپا بولاتتى.

خېلـى كـۈنلەرگىچە ئـوزۇق - تۈلـۈك ئىزدەشكە چىقمىغاچقا، سېۋەت قۇرۇقـدىلىپ قالغانـدى، شـۇنىڭ بىـلەن ئىتقا ئـازراق سـۇ قويۇپ بېرىـپ چىتلاقنى ئوڭشاپ قويغانـدىن كېيىن دىڭىـز بويىغا بـاردىم. ئۇنىـڭ ھايـات قېلىـشىنى ئـويلاپ باقمىغـان، يەنە كېلىـپ ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭـۈل بۆلۈپمۇ كەتمىگەنىدىم.

كۈنبويى خادا تاشلارنىڭ ئارىـسىدىن قۇلۇلە تېرىـپ يۈرۈپ، يارىلانغـان ئـۇ ئـىت بىـر قېتىملا ئېسىمگە كەلـدى. ئـۇ دۈشـمىنىم ئىدى، ھازىر ئۆيۈمدە ياتـاتتى، ئـۇنى ئۆلتـۈرۈۋەتمىگىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم.

ئۆيگە قايتىپ بېرىـپ قارىسام ئۇ ئۆلمىگەنىـدى، بىـراق يەنىـلا جايىـدا مىـدىر - سـىدىر قىلمـاي ياتـاتتى. مەن ئۇنىـڭ يارىـسىنى مارجان ياغىچىدا يەنە تازىلىدىم. ئاندىن بېشىنى يۆلەپ ئاغزىغا سۇ قۇيـسام، ئـۇ سـۇنى يۇتـۇۋەتتى. ئـۇ مەن چىقىـر يولـدا تاپقانـدىن تارتىـپ تـۇنجى قېـتىم ماڭـا قارىـدى. ئۇنىـڭ كـۆزلىرى خېلىلا ئولتۇرۇشـۇپ كەتكەنىـدى، ماڭـا قارىغانـدىكى كـۆز نـۇرلىرى

مېڭىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

يېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا يەنە نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچۈرۈپ قويدۇم. ئەتىسى ئەتىگەنىدە ئۇنىڭغا ئازراق يەيدىغان نەرسە قالدۇرۇپ قويۇپ دېڭىز بويىغا باردىم. قايتىپ كېلىپ قارىسام، ئۇ مەن قالدۇرۇپ قويغان نەرسىلەرنى يەپ بولۇپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ماڭا قاراپ ياتاتتى. مەن قەيەرگە ماڭسام، ئۇنىڭ سېرىق كۆزلىرى شۇ يەردە ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭدىن قورقۇپ يوغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدىم. تاڭ سۈزۈلگەندە سىرتقا چىقىپ ئۇنىڭ چىقىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن چىتلاقنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكنى ئېچىپ قويدۇم. بىراق مەن قايتىپ كەلگەندە ئۇ يەنىلا جايىدا بېشىنى ئالدى پۇتىغا قويغىنىچە ئاپتاپسىنىپ ياتاتتى. شۇ كۈنى نەيزە بىلەن ئىككى تال بېلىق تۇتۇپ كېلىپ پىشۇرۇپ كەچلىك تاماق قىلدىم. مەن ئۇنىڭ خېلىلا جۇدەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بېلىقتىن ئۇنىڭغا بىر تال بەردىم. ئۇ بېلىقنى يەپ بولۇپ، كېلىپ ئوتنىڭ يېنىدا يېتىپ، سېرىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سەل كىچىكلەپ قالغان بولۇپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى ئۈستىگە قاراپ قالغانىدى.

ئۇدا تۆت كۈن تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ چىقىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن چىتلاقنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكنى ئوچۇق قويدۇم. ھەر كۈنى بېلىق تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئەكېلىپ بېرەتتىم. ھەر قېتىم قايتىپ كەلگىنىمدە ئۇ چىتلاقنىڭ يېنىدا مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ بېلىقنى ئېلىپ يېمىگەچكە، يەرگە تاشلاپ بېرەتتىم. بىر قېتىم ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتسام، دەرھاللا كەينىگە يېنىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ماڭا خىرىس قىلدى.

بەشىنچى كۈنى مەن دېڭىز بويىدىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدىم.

ئۇ چىتلاقنىڭ يېنىدا كۆرۈنمەيتتى. شۇ ئان كۆڭلۈمدە غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇرۇن قايتىپ كېلىۋېتىپ ھەمىشە ئۇ كەتكەن بولسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە بولاتتىم، بىراق ھازىر چىتلاقنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ كىرىۋاتقاندا تۇيغۇم باشقىچە ئىدى.

ئۇنىڭغا تېخى ئىسىم قويمىغاچقا، «ئىت، ئىت» دەپ توۋلىغىنىمچە ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ ئۆيدە ئىكەن. ئۇ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ، كىرىشلىگىنىمچە ئەسىناۋاتاتتى. ئۇ قولۇمدىكى بېلىقنى كۆرۈپ ماڭا قاراپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆيدە ياتتىم. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇپ قويماقچى بولدۇم، ئۇنى «ئىت» دەپ چاقىرىۋەرسەم بولمايتتى. مەن «رانتۇ» دېگەن ئىسىمنى تاپتىم، بۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا «تۈلكە كۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

## ئون ئالتىنچى باب

## غاردا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش

ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېمىسى شۇ يىلى ئەتىيازدىمۇ، يازدىمۇ كەلمىدى، بىراق مەيلى تۆپىلىكتە بولاي ياكى خادا تاشلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ قۇلۇلە تېرىۋاتقان ۋە ياكى قولۋاقنى رېمونت قىلىۋاتقان بولاي، ھەر كۈنى كېمىنىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولاتتىم. شۇنداقلا ئالېيۇتلارنىڭ قىزىل كېمىلىرىدىن ھەر قاچان پەخەس بولاتتىم.

ئالېيۇتلار كېلىپ قالسا نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ئوزۇق - تۈلۈكلىرىم ۋە سۇنى ساقلىغىلى بولىدىغان ئۆڭكۈرگە مۆكۈنۇۋالسام بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپى قويۇق چاتقاللار بىلەن ئورالغان، يەنە كېلىپ جىلغىغا پەقەت دېڭىزدىنلا كىرگىلى بولاتتى. ئالېيۇتلار چۈشكەن جاينىڭ يېنىدىلا يەنە بىر بۇلاق بولغاچقا، ئۇلار بۇ بۇلاقنى ئىشلىتىپ باقمىغاندى ھەم بۇ بۇلاقنى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تاسادىپىي ئۆڭكۈرگە كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلمىسام بولمايتتى.

شۇ سەۋەبتىن قۇم ئازگال تۆپىدىكى قولۋاقنى توختىماستىن رېمونت قىلدىم. باشقا قولۋاقلارنى يوشۇرۇپ قويغان بىرنەچچە جايغا بېرىپ باققاندىم، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ يېرىلىپ

كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قولۋاقلار ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، بىر قىز بالا، ھەتتا ماڭا ئوخشاش بەستلىك قىزلارمۇ ئۇلانى سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈرەلمەيتتى.

قولۋاقنى تاشقىن كۆمۈۋېتەي دەپ قالغان بولغاچقا، نەچچە كۈن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ تەستە كولاپ چىقاردىم. ھاۋا ئىللىق بولغاچقا، ئۇ يان - بۇ يان قاتراپ يۈرمەي، ئېگىزلىكتىكى ئۆيۈمدە تۇردۇم. قۇم ئازگالدا تاماق ئېتىپ يەپ، كېچىسى قولۋاقتا ئۇخلاپ نۇرغۇن ۋاقتنى تېجەپ قالدىم.

بۇ قولۋاق بەك چوڭ، ئۇنى سۇغا چۈشۈرمەك ۋە سۇدىن چىقارماق تەس بولغاچقا، كىچىكلىتىشكە باشلىدىم. شاللارنى بىر - بىرىگە چاتقان بالداقلارنى كېسىۋېتىپ، يېرىقلىرىنى تولدۇرغان مومنى ئېرىتىپ چىقىرىۋېتىپ، ھەممە شاللارنى ئاجرىتىۋەتتىم. ئارىدىن بىر قارا تاشنى تېپىپ بىلەپ، ئۆتكۈر تاش پىچاق ياسىدىم، ئاندىن بۇ تاش پىچاقتا شاللارنىڭ بىر قىسمىنى كېسىپ، بالداق بىلەن چېتىپ، يېرىقىغا موم سۈركەپ، قايتىدىن چېتىپ چىقتىم.

كىچىكلەتكەندىن كېيىنكى قولۋاق بۇرۇنقىدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئەمدى قولۋاقنى بىر بېشىدىن كۆتۈرۈپ سۇغا چۈشۈرۈپ دولقۇندا ھەيدىيەلەيتتىم.

قولۋاقنى كىچىكلىتىشكە كەتكەن توپتوغرا بىر ياز ۋاقىتتا، رانتۇ ئەتراپىمدىلا يۈردى. ئۇ يا قولۋاقنىڭ سايىسىدە ئۇخلايتتى، يا قۇم ئازگالدا ساقانقۇشلارنى قوغلاپ ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ ئوينايتتى. يېقىنىلا يەردە نۇرغۇن بېلىق بولغاچقا، بىر توپ ساقانقۇش بۇ يەردە ئارام ئالاتتى.

رانتۇ ھېچقانداق قۇشنى تۇتۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ھەرقانداق قۇشنى كۆرسىلا تىلى ساڭگىلاپ ھاسىراپ كەتكۈچە قوغلايتتى.

ئۇ ئىسمىنى ناھايىتى تېزلا ئەستە تۇتۇۋالدى، نۇرغۇن

سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان بولدى. مەسىلەن، «زالۋىت» بىزنىڭ تىلىمىزدا ساقانقۇش دېگەن مەنىنى، «نائىسپ» بېلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەن بۇ بىرقانچە سۆزنى ۋە باشقا سۆزلەرنى ئىشلىتىپ خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە گەپ قىلغاندەك ئۇنىڭغا گەپ قىلاتتىم، بىراق تولا گەپلىرىمنى ئۇ چۈشەنمەيتتى.

ئۇ كەچلىك تاماق ئېتىش ئۈچۈن تۇتۇپ كەلگەن بېلىقنى ئوغرىلىسا:

— رانتۇ، ئېيتە، سەندەك چىرايلىق ئىت، ئوغرىلىق قىلسا بولامدۇ؟— دېسەم، ئۇ گەرچە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى سۆزنىلا ئۇقسىمۇ، ماڭا قارىغىنىچە بېشىنى ئۇيان - بۇيان چايقاپ قوياتتى.

— بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ياخشى، مەن دېڭىزنىڭ بۇنداق تىنجىپ كەتكىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ئاسمان كۆپكۆك قۇلۇلە قېپىغا ئوخشاپ قاپتۇ. سېنىڭچە ھاۋا يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق ئوچۇق بولار؟— دەپ سورىسام، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارايتتى، گەرچە گېپىمنى ئازراقمۇ بىلمىسىمۇ، بىلگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى.

ئۇنىڭغا مۇشۇنداق گەپ قىلىپ يۈرگەچكە زېرىكمەيتتىم. رانتۇغا گەپ قىلىشتىن بۇرۇنقى كۈنلىرىمنىڭ قانچىلىك زېرىكىشلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

قولۋاقنى ئۆزگەرتىپ بولدۇم، ئۇنىڭغا سۈرگەن مومۇ قۇرۇپ بولدى. ئۇنى ھەيدىسەم شاللارنىڭ ئارىسىدىن سۇ كىرىپ كېتىدىغان - كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئارالنى بىر ئايلىنىپ كېلىش ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندۇق. بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە توپتوغرا بىر كۈن ۋاقىت كەتتى.

كۆك دېڭىـزنىـڭ ئاستىدا نۇرغۇن غـارلار بـار ئىـدى، بەزىلـىرى ناھايىتى زور بولۇپ، قىيالارنىـڭ ئىچكىـرى جايلىرىغىچە سوزۇلۇپ كىرەتتى، ئۆيۈم بار ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدا بىرى بار ئىدى.

بـۇ غارنىـڭ ئـاغزى ناھـايىتى كىچىـك بولـۇپ، قولۇاقىنىـڭ كەڭلىكىـدىن سـەللا كەڭ بولـسىمۇ ئىچـى كەڭ، ئېگىزلىكتىكـى ئۆيۈمدىنمۇ چوڭ ئىدى.

بـۇ غارنىـڭ قـارا تـاملىرى سـىلىق ھەم پـارقىراق بولـۇپ، بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا قىڭغىيىپ تۇراتتى. سۇ غارنىڭ تاملىرىـدەكلا قـارا، پەقەت غارنىـڭ ئاغزىـدىكى يـورۇق چۈشـكەن جايـدىكى سۇ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغـان بولۇپ، بېلىقلارنىڭ سۇدا ئۇيانـدىن-بۇيانغا ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كـۆرگىلى بـولاتتى. بۇ يەردىكـى بـېلىقلار خادا تاشـلىقتىكى بېلىقلارغـا ئوخشىمايتتى، كـۆزى ھەم پالاقچىـسى يوغانىدى، پالاقچىلىرى بېلىقلارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان دېڭىـز ئۆسۈملۈكلىرىگە ئوخشايتتى.

بۇ غاردىن يەنە بىر غارغا كىرگىلـى بـولاتتى. ئـۇ غـار كىچىـك ھەم قـاراڭغۇ بولـۇپ، ھېچنېمىنـى كـۆرگىلى بولمـايتتى، ئىنتـايىن جىمجىت بولۇپ، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغـان ئـاۋازلىرى ئاڭلانمـايتتى، پەقەت غارنىـڭ تېمىغـا ئۇرۇلغـان سـۇ ئـاۋازىلا ئاڭلىناتتى. تۇمايوۋېت ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ مۇكاتقا ئاچچىقى كەلگەچكىلا بـۇ ئالەمنىـڭ ئاسـتىدىكى ناھـايىتى چوڭقـۇر يەنە بىـر ئالەمگە كېتىپ قالغانىكەن. ئۇ كەتكەن يەرنىڭ بۇ يەرگە ئوخشاش قاراڭغۇ ياكى ئەمەسلىكىنى بەكمۇ بىلىپ باققۇم كەلدى.

ئالدىم تەرەپتىكى يىراق جايدا ئالقانچىلىك بىر نۇر كۆرۈنـدى، شۇڭا كەينىمگە يانماي، قايتىـپ كېتىش خىيالىمنى چۆرۈۋېتىـپ، بىرمۇنچە ئەگمىلەردىن ئۆتۈپ ئالدىمغا قاراپ ھەيدەۋېرىپ، ئـاخىر باشتىكى غارغا ئوخشايدىغان يەنە بىر غارغا كېلىپ قالدىم.

غارنىـڭ بىـر تەرىپـى چوقچىيىـپ چىققـان كەڭ ھەم ياپىلاق

تاش بولۇپ، بۇ تاش غارنىڭ تارغىنە ئاغزىنى كېسىپ ئۆتۈپ دېڭىزغىچە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. هازىر دولقۇن كۆتۈرۈلگەن ۋاقىت بولسىمۇ بۇ تاش يەنىلا سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇراتتى. بۇ قولۋاقنى چىقىرىشقا ئاسان، يوشۇرۇپ قويسا ھېچكىم تاپالمايدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇن ئىدى. بۇ تۇمشۇق ئۆيۈمنىڭ ئاستىدىكى قىيالىققا تۇتىشىپ كېتەتتى. غارغا بارىدىغان چىغىر يول بىلەن بارسىلا قولۋاقنى چىقىرىۋالغىلى بولاتتى.

— ئاجايىپ جاينى تاپتۇق، — دېدىم رانتوغا.

ئۇ گېپىمگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدىكى سەككىزئاياغقا تىكىلگەنىدى. بۇ بېلىقنىڭ بېشى كىچىك، كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان، پۇتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. رانتو كۈنبويى قاۋايتتى، قارنا، چايكا، تىيۇلېن قاتارلىقلارنى، ئىشقىلىپ مىدىرلاپ يۈرگەن جانلىقلارنى كۆرسىلا بىرھازا قاۋايتتى. هازىر ئۇ سۇدىكى بۇ قاپقارا مەخلۇقنى ئۈنچىقماي كۆزىتىۋاتاتتى.

قولۋاقنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇۋېتىپ ئېگىشىپ نەيزەمنى ئالدىم.

سەككىزئاياغ سۇ يۈزىگە يېقىنلا يەردە پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى. دېڭىزدا سەككىزئاياغلارغا ئۇچراپ قالسىڭىز ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ئادەمنىڭ بويىچىلىك كېلەتتى. ئۇلار ئىنتايىن تېزلىكتە پۇتلىرى بىلەن ئادەمنى چىرمىۋالاتتى، ئاغزى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاغزى - بۇرنى ئۆتكۈر ئىدى. قوللىرى ئاغزى - بۇرنىنىڭ ئەتراپىدىلا ئىدى. بۇ مەن ئۇچراتقان ئەڭ چوڭ سەككىزئاياغ ئىدى.

رانتو ئالدىمدا تۇرۇۋالغاچقا قولۋاقنى ئەڭ ياخشى ئورۇنغا ئاپىرالمىدىم، ئالدىمغا ئازراق ئېگىشمىسەم نەيزىنى ئىشلىتەلمەيـ

تتىم. دەل شۇ چاغدا سەككىزئاياغ ھەرىكىتىمنى سېزىپ قالدى-دە، سۇغا قاپقارا سۇيۇقلۇق قويۇپ بېرىپ دەرھاللا مۆكۈنۈۋالدى.

ئۇنىڭ قارا سۇ ئىچىدە ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم، ئۇ ئالدى تەرەپكە ئۈزۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا نەيزەمنى ئاتماي پالاقنى قويۇپ، ئۇنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنى كۈتتۈم. ئۇ بىزدىن ئىككى قولۋاق ئارىلىقچىلىك يەرگە كېتىپ بولدى، قولۋاقنى ھەرقانچە تېز ھەيدىسەممۇ يېتىشەلمەيتتىم.

— رانتۇ، — دېدىم ئۇ يەنىلا ئاشۇ قاپقارا سۇغا قاراپ تۇرغاچقا، — سەككىزئاياغ توغرۇلۇق بىلمەيدىغىنىڭ نۇرغۇن دېدىم.

رانتۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي، يا قاۋاپمۇ قويماي بېشىنى ئۇيان - بۇيان تولغاپ قويۇپ يەنىلا ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. قاپقارا سۇ سۈزۈلۈپ، سۈزۈك سۇدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن چاغدا ئۇ تېخىمۇ قايمۇقۇپ قالدى.

سەككىزئاياغ دېڭىزدىكى ئەڭ مەززىلىك يېمەكلىك، گۆشى ھەم ئاق، ھەم يۇمشاق بولۇپ، بەك تەملىك ئىدى. لېكىن ئالاھىدە ياسالغان نەيزە بولمىسا ئۇنى تۇتماق تەس بولغاچقا، شۇ چاغدا قىشتا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ ئالاھىدە نەيزىدىن بىرنى ياساماقچى بولدۇم.

قولۋاقنى ئۆڭكۈرگە يېقىن جايدىكى مارجان تاش قولتۇقىغا ھەيدەپ بېرىپ، قىشلىقى قارا بوران سوقمايدىغان يەرگە تارتىپ چىقىرىپ قويدۇم. ئۇ شۇ يەردە بىخەتەر تۇراتتى، ئەتىيازدا يەنە ئۇنى رانتۇ بىلەن ئىككىمىزلا تاپالايدىغان ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپ قوياتتىم. بۇ قولۋاقنى ھەيدىمەك بەك ئاسان ھەم ئۇنىڭغا سۇمۇ ئۆتۈپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇنى بەك ياقتۇراتتىم.

# ئون يەتتىنچى باب

## رانتۇنىڭ ئابرۇي قوغداش ئۇرۇشى

بوران بالدۇر كېلىپ، يامغۇر پەسلى باشلاندى. ئىككى قېتىملىق يامغۇر ئارىلىقىدا چىققان كۈچلۈك بوران كۆك دېڭىز ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەممە يەرنى قۇم - تاش قاپلىدى. بۇ كۈنلەردە ئۆزۈمگە يەنە بىر قۇر كىيىم تىكتىم، لېكىن كۆپ ۋاقتىم سەككىزئاياغنى ئوۋلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەيزە ياساش بىلەن ئۆتتى.

بۇرۇن دادامنىڭ ئوقيا ياسىغىنىنى كۆرگىنىمگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ مۇشۇنداق نەيزە ياسىغىنىنى كۆرگەنىدىم، بىراق نەيزە ياساشنى باشقا قوراللارنى ياساشنى بىلگەندەك بەك ياخشى بىلىپ كەتمىسەممۇ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ھەرھالدا ئېسىمدە بار ئىدى. ئېسىمدە قالغىنى بويىچە، خېلىغىچە قاملاشتۇرالماي، كۆندە نەچچە سائەتلەپ يەردە ئولتۇرۇپ ئىشلىدىم. رانتۇ قېشىمدا ئۇخلايتتى، كۈچلۈك بوراندا ئۆينىڭ ئۆگزىسىمۇ غىچىرلايتتى، شۇنداق قىلىپ ئاخىر نەيزىنى ياساپ پۈتكۈزدۈم.

ئاشقان دېڭىز پىلىنىڭ چىشىدىن يەنە تۆت تال بار ئىدى. ئۈچ تالنى بۇزغان بولساممۇ، ئاخىرقى بىرىدىن ئىلمەكلىك نەيزە ئۇچىنى ياسىيالىدىم. ئاندىن بىر ھالقا ياساپ، ھالقىنى نەيزە

سىپىننىڭ ئۈچىغا بىكىتىپ، ھالقا ئىچىگە ئۈچ ئورنىتىپ، ئۈچقا چىۋىقتىن ئىگىرگەن ئارقاننى چىگىدىم.

سەككىزئاياغ تۇتقاندا، نەيزە ئۈچى نەيزە سىپىدىن ئاجراپ چىقىدۇ. نەيزە سىپى سۇدا لەيلەيدۇ، بۇ چاغدا ئارقاننىڭ بىر ئۇچى ئىلمەككە باغلانغان بولۇپ، يەنە بىر ئۈچىنى بەلگە چىگىۋالسا بولىدۇ. بۇ خىل نەيزە بەك قالتىس بولۇپ، ئۇنى ناھايىتى يىراقتىن ئاتقىلى بولىدۇ.

ئەتىياز پەسلىنىڭ بىرىنچى كۈنى يېڭى نەيزەمنى ئېلىپ مارجان ئارىلىغا ماڭدىم. ئەتىياز قانداق چاغدا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى شۇ كۈنى سەھەردە ئاسماندا توپ - توپ دېڭىز قۇشلىرى پەيدا بولاتتى. بۇ قۇشلار ھەر يىلنىڭ مۇشۇ ۋاقتىدىلا جەنۇبتىن ئۇچۇپ كېلىپ بۇ يەردە ئىككى كۈنلا توختاپ جىلغىدا ئوزۇقلىنىپ، يەنە سەپ تۈزۈپ شىمالغا ئۇچۇپ كېتەتتى.

رانتۇ مەن بىلەن بىللە دېڭىز بويىغا كەلمىگەنىدى، چۈنكى ئۇنى قاشا سىرتىغا چىقىرىۋەتسەم تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. شۇ يىلى قىشتا لالما ئىتلار كۆپ قېتىم ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلسە ئۇ ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى، بىراق تۈنۈگۈن كەچتە ئۇلار كېلىپ يەنە كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قاشا قېشىدا تۇرۇپ قاۋاپ، مېڭىپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقلىرىنى كۆرۈپ ئەنسىرىگەنىدىم. ئۇ ھېچنېمە يېمەي تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىر ئۇنى چىقىرىۋەتكەنىدىم.

ئەمدى قولۋاقنى سەككىزئاياغ توپلىشىپ ياشايدىغان خادا تاشلىققا ھەيدىدىم. دېڭىز سۈيى بەكمۇ سۈزۈك بولغاچقا، سەككىزئاياغنىڭ چوڭقۇر يەرلەردىكى دېڭىز يۇسۇنلىرى ئارىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەندە لەپەڭشىگەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

بوران - چاپقۇنلۇق قىشنى تۈگىتىپ، يېڭى نەيزەمنى ئېلىپ دېڭىزغا چىققىنىم ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى بولغانىدى. لېكىن چۈشتىن بۇرۇن سەككىزئاياغنى ئىزدىگەچ ئەس - يادىم رانتۇدا

قالدى. ئەسلىدە شادلانسام بولاتتى، بىراق ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ پەرىشان بولدۇم. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمايتتىم. ئۇ ئەمدى لالما ئىتلارغا قوشۇلۇپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلىنىپ قالارمۇ؟ ئەگەر ئۇ يەنە دۈشمىنىمگە ئايلىنىپ قالسا، يەنىلا مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەچكە، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

كۈن تىكلەشكەندە قولۋاقنى بىز تاپقان ھېلىقى غارغا يوشۇرۇپ قويدۇم، چۈنكى ئالىيۇتلار قايتىپ كېلىدىغان چاغ بولۇپ قالغاچقا، سەككىزئاياغ ئەمەس، ئىككى تال كىچىك ئوكۇن بېلىقنى تۇتۇپ كۆتۈرگىنىمچە تىك يارغا ياماشتىم. ئەسلىدە ئۆيۈم بىلەن غارنىڭ ئارىلىقىغا چىغىر يول ئېچىپ قويماقچىدىم، لېكىن بۇنداق قىلسام كېمىدىكى ۋە يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.

قىيا بەكلا تىك ئىدى. چوققىسىغا يامىشىپ چىقىپ بىرئاز دەم ئالدىم. ئەتراپ جىمجىت، چاتقاللىق ئارىسىدىن قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرى ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز بەك يىراقتىن كېلىۋاتاتتى، پەرىزىمچە جىلغا تەرەپتىن كەلگەنىدى. ئوقيانى ئېلىپ شۇ تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدىم. بۇلاق سۈيىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ ئىتلارنىڭ ئىزىنى بايقاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رانتۇنىڭ يوغان ئىزىمۇ بار ئىدى. ھەممە يەرنى قاپلىغان مايماق ـ سايماق ئىزلار دېڭىز بويىدىكى جىلغىغا يۆنەلگەنىدى. ئىتلارنىڭ يىراقتىن كەلگەن تالىشىۋاتقان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدىم.

قولۇمدا ئوقيا بولغاچقا، جىلغىدىن ئۆتكۈچە بەك ئاستا ماڭدىم.

ئاخىر يار لېۋىدىكى چۆپلۈككە كەلدىم. خېلى يىللار بۇرۇن، بىزنىڭ قەبىلىدىكىلەر بەزىدە بۇ يەرگە ياز پەسلىدە كېلىپ

ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار خادا تاش ئۈستىگە يىغىلىپ قالغان دېڭىز قۇلۇلىرىنى تۇتۇپ، مۇشۇ يەردىلا يەپ، قۇلۇلە قېپىنىمۇ مۇشۇ يەرگە تاشلاپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەرگە بىر بارخان پەيدا بولغان. بارخان ئۈستىگە نۇرغۇن ئوت - چۆپلەر بىلەن «گىيلافەن» دەپ ئاتىلىدىغان قېلىن يوپۇرماقلىق بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسكەنىدى.

رانتۇ دەل مۇشۇ بارخان ئۈستىدە ئالدىنى مەن تەرەپكە، ئارقىسىنى دېڭىزغا قىلىپ ئوت - چۆپلەر بىلەن قېلىن يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈك ئارىلىقىدا تۇراتتى. ئالدىدا بىر توپ لالما ئىت يېرىم ھالقا ھاسىل قىلغانىدى. باشتا ئۇلار رانتۇنى مۇشۇ يەرگە قىستاپ ئەكېلىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، ئەمما شۇئان ئىككى لالما ئىتنىڭ باشقا لالما ئىتلارنىڭ ئالدىدا يەنى لالما ئىتلار توپى بىلەن رانتۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغزى - بۇرنى قان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇلارنىڭ بىرى باشلامچى ئىت، يەنە بىرى مەن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان چىپار ئىت ئىدى. تالىشىش رانتۇ بىلەن بۇ ئىككى ئىت ئارىسىدا بولغان، قالغان ئىتلار قايسىسى يېقىلسا شۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشقانىدى.

ئىتلار ھاۋشىغان ئاۋازى بەكمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، چاتقاللار ئارىسىدىن ئۆتۈپ تۈزلەڭلىكنىڭ قىرىدا تۇرغىنىمنى سەزمىدى. ئۇلار قاۋاشقىنىچە كۆزىنى تالىشىۋاتقان ئىتلاردىن ئۈزمەي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى. رانتۇنىڭ ھاۋانى ھىدلاۋاتقانلىقىدىن يېقىن ئەتراپتا ئىكەنلىكىمنى ئۇقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

ئۇ ئىككى ئىت رانتۇغا تىكلىشىشكىنىچە باراخان لېۋىدە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئېھتىمال تالىشىش بۇلاق بېشىدا باشلىنىپ، ئۇلار تويدۇرماستىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن، رانتۇ تالىشىشقا مۇشۇ يەرنى تاللىغان بولسا كېرەك.

ئارقا تەرەپ تىك يار ئىدى، ئۇلار ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا چارە تېپىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرى ئالدىدىن، بىرى ئارقىدىن ھۇجۇم قىلسا بەك ئاسان بولاتتى.

رانتۇ مىدىرلىماي تۇراتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ تىلى بىلەن پۇتىدىكى يارىنى يالاپ قوياتتى - يۇ، كۆزىنى پەستە يۇگۇرۇپ يۈرگەن ئىككى ئىتتىن ئۈزمەيتتى.

ئۇلارنى ماڭا يېقىن بولغاندىكىن ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قالغان لالما ئىتلارنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتسەم بولاتتى، بىراق چاتقاللىق ئارىسىدا ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇردۇم. بۇ رانتۇ بىلەن لالما ئىتلار ئارىسىدىكى بىر مەيدان تالىشىش ئىدى. ئەگەر بۇ مەيدان تالىششقا توسقۇنلۇق قىلسام، ئۇلار يەنە تالىشاتتى، ئېھتىمال رانتۇغا بىئەپ يەرلەردە تالىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

رانتۇ پەستە ئاستا - ئاستا سىلجىۋاتقان ئۇ ئىككى ئىتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ يارىسىنى يالاشقا باشلىدى. مەن بۇ چوقوم رانتۇنىڭ ھىيلىسى دەپ ئويلىدىم. ئويلىغىنىمدەك بولدى. ئىككى ئىت تۇيۇقسىز قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

ئۇلار ھۇجۇم قىلغۇچە رانتۇ ئالدىدىكى بىر ئىتقا تاشلىنىپ، يانغا ئۆرۈلۈپلا بېشىنى ئېگىپ، ئۇ ئىتنىڭ ئالدى پۇتىنى چىشلىۋالدى. ئىتلار جىمىپ كېتىشتى. جىمجىتلىقتا سۆڭەكنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئىت پۇتىنى سۆرىگىنىچە كەينىگە چېكىندى.

چىپار ئىتمۇ ئالىقاچان باراخان تۆپىگە چىقىپ بولغانىدى. رانتۇ پۇتى ئۈزۈلگەن ئىتنى تاشلاپ چىپار ئىتقا يۈزلەندى. بىراق، ھۇجۇمغا ئۈلگۈرەلمىدى، چىپار ئىت ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن رانتۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، رانتۇ ئۆزىنى قاچۇردى، چىپار ئىت

ئۇنىڭ قورسىقىنى چىشلىۋالدى، رانتۇ يەرگە يىقىلدى.

چىپار ئىت ئىپتىياتچانلىق بىلەن رانتۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى، ئىتلار بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئىختىيارسىز يانى ئوقلىدىم، رانتۇ بىلەن چىپار ئىت ئارىسىدا خېلى ئارىلىق بار ئىدى، ئۇ يەنە يارىلىنىشتىن بۇرۇن بۇ مەيدان تالىشىشنى ئاخىرلاشتۇرسام بولاتتى، بولمىسا لالما ئىتلار توپى ئۇنىڭغا ئېتىلاتتى، بىراق بايىقىغا ئوخشاش يەنىلا ئوق ئۈزمىدىم.

چىپار ئىت بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن رانتۇغا يەنە ئېتىلدى، بىراق بۇ دورەم ئارقىدىن ئېتىلدى.

رانتۇ يەنىلا پۇتىنى بېسىپ ياتاتتى. ئۇنى بۇ ھۇجۇمنى بىلمىدى دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق رانتۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، چىپار ئىتنىڭ بوينىنى مەھكەم چىشلىدى. ئۇلار بارخانىدىن دومىلاپ چۈشتى. رانتۇ چىپار ئىتنى تېخىچە قويۇپ بەرمىگەنىدى. لالما ئىتلار توپى چۆپلۈكتە تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي رانتۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چىپار ئىتنى ياتقان يېرىگە تاشلاپ قويۇپ باراخانغا چىقىپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزاق ھوۋلىدى. بۇنداق ئاۋازنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بۇ ئاۋازدا مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسە بار ئىدى.

رانتۇ مەندىن ئاۋۋال يوگۇرۇپ كەتتى. مەن ئۆيگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ مېنى ئىشىك ئالدىدا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

شۇ قېتىملىق تالىشىشتىن كېيىن، رانتۇ تا ئۆلۈپ كەتكۈچە مەندىن ئايرىلىپ باقمىدى. ھېلىقى لالما ئىتلار نېمە سەۋەبتىنكىن ئىككى توپقا ئايرىلىپ كېتىشتى، شۇندىن كېيىن ئۇلار بۇ يەرگە ئاياغ باسمىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## قۇش كۆندۈرۈش

قىشتا يامغۇر كۆپ ياغقانلىقتىن، باھاردا گۇللەر بەك كۆپ ئېچىلغانىدى. قەۋم بارخانلىرىنى قاپلىغان قاتمۇقات قىزىل گۇللەرنىڭ ھېلى ھال رەڭگە كىرىپ، ھېلى ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدىغان ئۇششاق كۆزلىرى بار ئىدى. جىلغىدىكى تاشلارنىڭ ئارىلىقىدىكى يۇككا گۇللىرى بەك ئېگىز ئۆسكەنىدى، ئۇچىدىكى شىبىغىل تاشچىلىك كېلىدىغان يوگىمەچ گۇللۈك پۆپۈكلەرنىڭ رەڭگى يېڭى چىققان قۇياشنىڭ رەڭگىگە ئوخشايتتى. بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتكەن يەرلەرگە ئاق پۇرچاق ئۈنگەنىدى. بىرنېمە ئۈنىدۇ دېمەيدىغان يارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى يېرىقلىرىغا قىزىل، سېرىق چاتقاللار پەيدا بولغانىدى.

قۇشلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. نۇرغۇن ھەرە قۇشلار قارىماققا پارقىراق تاشلاردەك ھاۋادا جىمجىت تۇراتتى. ئۇلار ھەسەل يىغىدىغان بولغاچقا، تىلى بەكلا ئۇزۇن ئىدى. يەنە ئۇرۇشقاق كۆك رەڭلىك غەلىتە قۇشلارمۇ بار ئىدى. ئاق، قارا رەڭلىك تۆمۈر تۇمشۇقلار يۇككا گۇللىرىنىڭ غوللىرىغا، قاشالارغا، ئۆي لەمپىلىرىگە توختىماي تۆشۈك تېشەتتى. جەنۇبتىن قىزىل قاناتلىق كورتۇش قۇشلىرى، توپ ـ توپ قاغىلار، يەنە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان سېرىق تەنلىك، قىزىل باشلىق قۇشلار ئۇچۇپ كەلگەنىدى.

بىر جۈپ سىبرىق تەنلىك، قىزىل باشلىق قۇش ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى پاكار دەرەخنىڭ ئۈستىگە يۇككا گۈلى شاخلىرىدىن ئۇۋا ياسىدى. ئۇۋا چوققىسىدا بىر كىچىك تۆشۈك بولۇپ، ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىدىن خۇددى پۇل قاپچۇقىغىلا ئوخشايتتى. چىشى قۇش ئىككىنى تۇخۇملاپ، جۈپتى بىلەن بۇ تۇخۇملارنى نۆۋەتلىشىپ باساتتى. مەن چۈجىلىرى چىققاندىن كېيىن، چۆجىلىرىنى باقسۇن دەپ دەرەخ ئاستىغا قۇلۇلە ئۇۋاقلىرىنى چېچىپ قويدۇم.

چۈجىلىرى ئۇلارغا ئوخشمايتتى، پەيلىرى كۆل رەڭ، بەكلا سەت ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنى ئۇۋىسىدىن ئېلىپ كېلىپ، قومۇشتىن ياسالغان قەپەسكە سېلىۋالدىم. شۇڭا باھار ئاخىرلىشاي دېگەندە قاغىدىن باشقا قۇشلارنىڭ ھەممىسى شىمالغا كەتسىمۇ، بۇ ئىككى قۇشنى دوست قىلىۋالاتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارمۇ يېتىلىپ، پەيلىرى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭكىدەك چىرايلىق پارقىراپ، ئاتا ـ ئانىلىرىدەك «رىپ، رىپ» قىلىپ سايراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى چايكا ياكى قاغىنىڭكىدىن، قارنالارنىڭ بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ سايرىغان ئاۋازىدىن كۆپ يېقىملىق ئىدى. قارنالارنىڭ سايرىشى خۇددى چىشلىرى قالمىغان بوۋايلار ئۇرۇشۇۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى.

ياز كەلمەي تۇرۇپ قەپەس ئىككى قۇشقا كىچىكلىك قىلىۋىدى، چوڭ قەپەس ياسىماي، ھەربىرىنىڭ بىردىن قانىتىنىڭ ئۇچىنى كېسىۋېتىپ، ئۇلارنى يىراققا ئۇچالمايدىغان قىلىپ ئۆيگە قويۇپ بەردىم. ئۇلار قاناتلىرى تەڭشەلگۈچە ماڭا ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالدى. ئۇلار تورۇستىن ئۇچۇپ چۈشۈپ مۈرە ـ بىلەكلىرىمگە قونۇپ «رىپ، رىپ» سايرىشىپ يەم تەلەپ قىلاتتى.

ئۇلار چۇلغۇپ بولغاندىن كېيىن، قاناتلىرىنى يەنە كېسىۋېتىپ، ھويلىغا قويۇپ بەردىم. ئۇلار ھويلىدا سەكرەپ يۈرۈپ دانلايتتى. بەزىدە رانتۇنىڭ دۈمبىسىگە قونۇپ ئارام ئالاتتى. رانتۇ

ئەمدى ئۇلار بىلەن بەك ئىجىل بولۇپ كەتكەنىدى. كېيىن قانتى قايتا چىققاندا، قانتنى كىرسۋەتمىسەممۇ ئۇلار يىراققا ئۇچۇپ كەتمەي، ئەڭ يىراققا بارسىمۇ جىلغىغا بىرىپ، كەچتە قايتىپ كېلىپ ئۇخلاشتى. ئۇلار سىرتتا دانلاپ تويسۇن - تويمىسۇن، قايتىپ كەلگەندە يەنىلا يەم تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سەل يوغانراق بىرىگە تايلور دەپ ئات قويدۇم. تاينور مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىت ئىدى، مەن ئۇنىڭغا دەل ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنى قويدۇم. ئۇ يىگىتنى ئالىيۇتلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. يەنە بىرىگە لۇراي دەپ ئات قويدۇم، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ مىنى كارانا ئەمەس، لۇراي دەپ چاقىرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

قۇش كۆندۈرۈش جەريانىدا، يۈككا تالالىرىنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، يىپ ئىگىرىپ، يەنە بىر كۆڭلەك تىككەنىدىم. پاسونى باشقا كۆڭلەكلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئىككى ياقتىن ئىچىلاتتى، ئۇزۇنلۇقى تىزىمغا كېلەتتى. تىيۇلىن تېرىسىدىن يەنە چىگىلىك بولىدىغان بەلباغ ۋە بىر جۈپ ئاياغ تىككەنىدىم. بۇ ئاياغنى هاۋا ئىسسىق كۈنلىرى ساھىلدا كىيىپ ماڭسامۇ، يېڭى تىككەن كۆڭلىكىم بىلەن ماسلاشتۇرۇپ كىيسەممۇ بولاتتى.

ئادەتتە كۆڭلىكىم بىلەن سايما كەشىمنى كىيىپ رانتۇنى ئەگەشتۈرۈپ قىيا ئۈستىدە سەيلە قىلاتتىم. بەزىدە گۈللەردىن چەمبىرەك ياساپ بېشىمغا كىيىۋالاتتىم. ئالىيۇتلار مارجان ئارىلىدا بىزنىڭ ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، قەبىلىمىزدىكى ھەممە ئاياللار چاچلىرىنى قىسقا كېسىپ ھازا تۇتۇشقان، مەنمۇ شۇنداق قىلغانىدىم، ھازىر چېچىم ئۆسۈپ بېلىمگە كەلگەنىدى. ئادەتتە چېچىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يارما ئايرىپ ئىككى مۆرەمگە چۈشۈرۈۋالاتتىم. گۈللۈك چەمبىرەك تاقىغاندا، بىر تال ئۆرۈپ كىت سۆڭىكىدىن ياسىۋالغان قىسقۇچۇمنى قىسىۋالاتتىم.

يەنە بىر گۈللۈك چەمبىرەك ياساپ، رانتۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ

قويسام ئۇ ياقتۇرمىدى. بىز يارنى بويلاپ بىللە سەيلە قىلغاچ ئېگىزگە چىقىپ دېڭىزغا تەلمۈرەتتۇق. شۇ يىلى باھاردا ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېمىسى كەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا خۇشال ئىدىم. ھاۋادىن گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى كېلەتتى، قۇشلار يېقىملىق سايرىشاتتى.



# ئون توققۇزىنچى باب

## سەككىزئاياغ ئوۋلاش

يەنە بىر ياز كەلگۈچە ئۆگكۈر ئەتراپىدا پاشايدىغان ھېلىقى يوغان سەككىزئاياغنى تۇتالمىدىم.

باھاردا ھەر كۈنى رانتۇ بىلەن بىرىپ ئۇ سەككىزئاياغنى ئىزدىدىم. قولۋاقنى سۇغا چۆشۈرۈپ، ئۇ غار ئېغىزىدىن بۇ غار ئېغىزىغا نەچچە رەت ئۆتتۇم. قايقارا سۇدا قۇياش نۇرى چۈشكەنلا يەردە نۇرغۇن سەككىزئاياغنى كۆردۈم، لېكىن ئۇ يوغان سەككىزئاياغ كۆرۈنمەيتتى.

ئاخىر ئۇ سەككىزئاياغنى ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ، قىشلىق ئوزۇقۇم ئۈچۈن قۇلۇلە يىغىشقا باشلىدىم. قىزىل قۇلۇلىنىڭ گۆشى ئەڭ تاتلىق بولۇپ، ئاپئاپتا ئاسان قۇرۇيتتى. يېشىل قۇلۇلە بىلەن قارا قۇلۇلىنىڭ گۆشىمۇ تاتلىق ئىدى. قىزىل قۇلۇلىنىڭ گۆشى ئەڭ تاتلىق بولغاچقا، يۇلتۇز بېلىقمۇ قىزىل قۇلۇلىنىڭ گۆشىگە ئەڭ ئامراق ئىدى.

بۇ خىل يۇلتۇز شەكىللىك بېلىق قۇلۇلە قېپىغا چاپلىشىپ، پاشايدىغان خادا تاشنى ئۇزۇن بەش بىلىكى بىلەن چىڭ تۇتۇپ، شورىغۇچىسى بىلەن قۇلۇلە قېپىنى شوراپ، ئاندىن ئۆرە بولىدۇ. ئۇ قۇلۇلىنى شوراپ پۈتىنى يۇقىرىغا تىرەپ ئېغىر قۇلۇلە قېپى بىلەن ئۇ چاپلىشىۋالغان خادا تاشنى ئازراق ئاجرىتىپ، قۇلۇلىنى

بىرقانچە كۈندە ئاران ئاجرىتىدۇ.

بىر كۈنى سەھەردە غاردىن چىقىپ، غارلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خادا تاشلار تەرەپكە ئۈزدۇق.

بىرنەچچە كۈن مارجان ئاربىلىدىكى خادا تاشلاردىن ئانچە كۆپ قۇلۇلە قىپىي يىغالماي، ئىزچىل خادا تاشلارنى كۆزىتىپ، يۈلتۈز بېلىقلار قۇلۇلىلەرنى ئوۋلاشقا باشلىغان ياخشى پۇرسەتنى كۈتتۈم. چۈنكى، قۇلۇلىنى يۈلتۈز بېلىقتىن ئاجرىتىپ ئېلىش خادا تاشلاردىن ئاجرىتىپ ئېلىشقا ئوخشاشلا قىيىن ئىدى.

سۇ تۆۋەنلىگەنلىكتىن، خادا تاشلار خېلى ئېگىز چىقىپ قالغانىدى. خادا تاشلاردا نۇرغۇن قىزىل قۇلۇلىلەر بولسىمۇ، يۈلتۈز بېلىقلار بولمىغاچقا، كۈن تىكلەشكۈچە قولۋاقنى قۇلۇلە بىلەن توشتۇرۇۋالدىم.

شۇ كۈنى شامال چىقمىغانىدى، قولۋاقتىكى قۇلۇلىنى مىدىرلىتالمىغاچقا، قولۋاقنى بىر يەرگە توختىتىپ قويۇپ، رانتۇنى ئەگەشتۈرۈپ خادا تاشلارغا يامىشىپ، كەچلىك تاماق ئۈچۈن بېلىق تۇتۇشقا ماڭدىم.

كۆك دېلفىنلار دېڭىزدا يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئاندىن ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئويناۋاتاتتى، ئەتراپتا چايكىلار يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلىنى ئوۋلاۋاتاتتى. ئۇ يىلى يازدا يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلە كۆپ ئىدى. ئۇلار سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە ياشايتتى، بەك كۆپ بولغاچقا خادا تاشلار ئەتراپىدىكى چۆپلەرنى بېسىپ دېڭىز ئاستىغا چۆكۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، چايكىلار يەپ ئاشقۇدەك يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلىلەر بار ئىدى. ئۇلار يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلىنى ئاغزى بىلەن ئېلىپ، خادا تاشتىن خېلى ئېگىز ئۇچۇپ، خادا تاشقا قارىتىپ تاشلاپ، ئاندىن چۇشۇپ چېقىلغان قۇلۇلە قىپىي ئىچىدىكى گۆشنى تېرىپ يەيتتى.

يەلپۈگۈچسىمان قۇلۇلىلەر ھاۋادىن خادا تاشقا يامغۇردەك

چۈشەتتى. قارىماققا بەك كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، رانتۇ بۇلارنى پەقەتلا بىلمەيتتى. مۈكۈپ يۈرۈپ چوڭ بىلىقلار توپلىشىپ ياشايدىغان خادا تاش يېنىغا كەلدىم، ئاندىن بىر تال پەي بىلەن قۇلۇلە قېپىدىن ياسىۋالغان قارماق بىلەن بېشى يوغان، چىشلىرى ئۇزۇن، گۆشى تاتلىق بىلىقتىن ئىككىنى تۇتۇپ، بىرىنى رانتۇغا بەردىم. قولۋاقنىڭ يېنىغا قايتقاچ بوياق قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن بىرقانچە دېڭىز كىرپىسى تېرىۋالدىم.

ئالدىمدا ئاستا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان رانتۇ تۇيۇقسىز ئاغزىدىكى بېلىقنى تاشلىۋېتىپ، خادا تاش تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەنمۇ بىر قاراپلا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن ھېلىقى سەككىزئاياغنىڭ سۇزۇك سۇدا ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بۇنداق سۈيى تېيىز خادا تاش ئارىسىدا ئاسانلىقچە سەككىزئاياغنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇلار ئادەتتە سۈيى چوڭقۇر غار ئىچىدە ياشايتتى. بەلكىم بۇ سەككىزئاياغ غار ئىچىدىن ئوزۇق تاپالماي سىرتقا چىققاندەك قىلاتتى.

رانتۇ ئۈنچىقارماي جىم تۇردى. شۇ ئان نەيزەمنىڭ ئۇچىنى بېكىتىپ، بېلىمدىكى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى نەيزىنىڭ سېپىگە باغلاپ، ئاستا ئۆمىلەپ خادا تاش يېنىغا كەلدىم.

سەككىزئاياغ سۇ يۈزىدە لەيلەپ مىدىرلىماي تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى شېغىل تاش چوڭلۇقىدا بولۇپ، بېشىنىڭ چوققىسىدا ئىدى. كۆز قارىچۇقى قاپقارا، كۆز گۆھىرى سېرىق بولۇپ، كۆز گۆھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك قاپقارا چېكىت بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرۈپ خۇددى كىچىسى چاقماق يورۇقىدا ئالۋاستىنىڭ بىر جۈپ كۆزىنى كۆرگەندەك قورقۇپ كەتتىم.

قولۇمنىڭ يېنىدىكى تاشنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئارىلىقتا بىر بېلىق ئۈزۈپ يۈرەتتى.

سەككىزئاياغ مەندىن يېرىم نەيزە يىراقتا ئىدى. ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرسام، ئۇ بىر قولىنى يىلاندەك سوزۇپ يېرىققا تىقتى. بېلىقنى تېزلا تۇتۇۋېلىپ، قولىنى يىغماقچى بولۇۋىدى، نەيزەمنى ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تۇرۇپ كۈچەپ سانجىدىم.

ئۇنىڭ بېشىنى نىشانلىدىم. ئۇنىڭ بېشى ئىككى يوغان بېلىقنىڭ بېشىدەك يوغان، نەيزە ئۇرۇش ئاسان بولسىمۇ، نەيزىنى تۈز ئۇرالمىدىم. نەيزە سۇدا قىيىپ كەتتى. سەككىزئاياغ شۇ ھامان سۇغا قاپقارا سىياھ قويۇپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ بايا تۇتقان بېلىق بار قولىنى ئارانلا كۆرەلىدىم.

سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ نەيزىنى مىدىرلاتتىم، كۆڭلۈمدە قايتا نەيزە ئۇرۇشقا پۇرسەت بولۇپ قالار دەپ ئويلىدىم. شۇنداق ئويلاپ تۇرغاندا، نەيزىنىڭ سېپى سۇغا لەيلەپ چىقتى. تەتۈر ئىلمەكلىك ئۇچىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. شۇئان ئارقان تارتىلدى، بېلىمدىكى ئارغامچىنى يېشىۋەتتىم. نەيزىنىڭ سەككىزئاياغقا خېلى چىڭ سانجىلغانلىقىنى بىلىپ قولۇمدىكى ئارقاننى قويۇپ بەردىم، چۈنكى ئارقان تېز سۇرئەتتە سىيرىلسا، ئالىقىنىمنى يارا قىلاتتى ياكى چىگىلىپ قالاتتى.

سەككىزئاياغ باشقا بېلىقلارغا ئوخشاش ئۈزگۈچىلىرى ئارقىلىق ئۈزمەي ئالدى تەرىپىدىكى تۆشۈكچە ئارقىلىق سۇنى سۈمۈرۈپ، ئارقا تەرىپىدىكى ئىككى يېرىقتىن چىقىراتتى. سەككىزئاياغ ئاستا ئۈزگەندىلا بۇنى كۆرگىلى بولاتتى، تېز ئۈزگەندە سۇ دولقۇنىدىن باشقىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

خادا تاش ئۈستىدىكى ئارقان توختىماي تارتىلىپ، بىر يۆگەم ئارقان تۈگەپ ئۈچى كۆرۈنۈپ قالدى. بېلىمدىكى ئارقانمۇ چىڭ تارتىلدى. يېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ، سەككىزئاياغ ئارقاننى تارتىۋاتقان تەرەپكە يۈگۈرۈپ باردىم. ئىككى قولۇمدا ئارقاننى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى پۇتۇم بىلەن سىلىق خادا تاشنى قىسىپ كەينىمگە

داجىپ تۇردۇم.

ئارقان تارتىلىپ خېلى ئۆزىرىپ كەتتى. ئارقاننىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سەككىزئاياغ بىر قېتىم تارتسا ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭاتتىم.

سەككىزئاياغ خادا تاشلارنى بويلاپ غارغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. غارغا خېلى ئارىلىق بار ئىدى. ئەگەر غارغا كىرىپ كەتسە، ئۇنى تۇتالمايتتىم. قولۋاق ئالدى تەرەپتە باغلاقلىق، ئەگەر قولۋاققا چىقىۋالالىسام سەككىزئاياغ بىزنى تارتىپ بولالماي ئوڭايلا ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى. بىراق مەن بىر قولۇمدا قولۋاقنى يېشىپ، بىر قولۇمدا سەككىزئاياغنى تارتىپ تۇرالمايتتىم.

رانتۇ توختىماي قاۋاپ، تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇ ياق - بۇ ياققا يۈگۈرۈپ، ئاخىر مۆرەمگە يامىشىپ ماڭا تېخىمۇ جاپا سالدى.

بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن سەككىزئاياغقا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ غار ئاغزىدىكى سۇ چوڭقۇر يەرگىمۇ كېلىپ قالدىم، يەنە نەچچە قەدەم ماڭسام سەككىزئاياغ غار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، شۇڭا توختاپ قالدىم. كۆڭلۈمدە ئارقان تارتىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپ بۇ سەككىزئاياغنى قاچۇرۇپ قويسام، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق دەپ ئويلاپ، جايىمدا ئارقاننى تارتىپ چىڭ تۇردۇم. ئارقان بارغانسېرى سوزۇلۇپ ئۈزۈلەيلا دەپ قالدى. قولۇمدىن قان ئېقىۋاتاتتى، لېكىن ئاغرىقنى سەزمەيتتىم.

ئارقان تۇيۇقسىز بوشاپ سۇ ئۈستىگە لەيلىدى. سەككىزئاياغنىڭ غار بىلەن خادا تاش ئارىلىقىدا ئۈزۈپ مەندىن ئىككى ئارقان يىراققا كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ يەرمۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك ئىدى.

ئۇ خادا تاش تەرەپكە ئۈزۈپ ماڭغاندا، مەن ئارقاننىڭ يېرىمىنى يىغىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز ئارقان يەنە تارتىلدى. بۇ يەرنىڭ سۈيى بەلگە كەلگۈچىلىك چوڭقۇر بولۇپ، سۇ ئاستىدىكى

تاشلارنى دەسسەپ خادا تاشقا ئانچە يىراق بولمىغان ساھىلغا چىقتىم. بۇ يەردە نۇرغۇن ئازگال بار ئىكەن، ئاۋايلاپ دەسسەپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم، رانتۇ يېنىمدا ئۈزۈپ ماڭدى.

بىز سەككىزئاياغ خادا تاش ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتىن ئاۋۋال ساھىلغا چىقىۋالغانىدۇق. ئارقان يەنە تارتىلدى، سەككىزئاياغ يەنە غار تەرەپكە ئۆزگەندى. ئارقان ئىككى قېتىم شۇنداق تارتىلدى، ھەر قېتىمدا ئارقاننى يىغىپ تۇردۇم. ئۈچىنچى قېتىمدا، ئارقامغا چېكىنىپ قۇمغا دەسسەپ تۇرۇپ ئارقاننى كۈچەپ تارتىپ سەككىزئاياغنى ساھىلغا سۆرەپ چىقتىم، لېكىن ئۇنىڭ يېرىمى يەنىلا سۇدا ئىدى.

ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇنىڭ كۆزى مىدىرلاپ تۇراتتى. رانتۇ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ چىشلەپ تارتقىلى تۇردى، لېكىن سەككىزئاياغ چوڭ ھەم ئېغىر بولغاچقا پەقەتلا مىدىرلىتالمىدى. رانتۇ يەنە بىر چىشلەيدىغان يېرىنى ئىزدەۋاتقاندا، سەككىزئاياغنىڭ ئۈچ قولى ئۇنىڭ بوينىغا يۆگىشىۋالدى.

سەككىزئاياغ پەقەت سۇدىلا خەتەرلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ سۇدا بەش قولى بىلەن چىڭ يېپىشىۋېلىپ، قوللىرى ئاستىدىكى سۈمۈرگۈچى بىلەن سۇ ئاستىغا تارتىپ ئەكىرىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. ئۇ بەك چوڭ بولغاچقا، قۇرۇقلۇقتىمۇ ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ قويالىسىمۇ، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرەلمەيتتى.

سەككىزئاياغ رانتۇنى سۆرەپ سۇغا سىيرىلىۋاتاتتى، ئارقان رانتۇنىڭ پۇتىغا ئىلىنىشىپ قالغاچقا، ئارقاننى تارتماي، خادا تاشلاردىن قۇلۇلىنى ئاجرىتىدىغان كىت سۆڭىكىدىن ياسىۋالغان پىچىقىمنى بەلبېغىمدىن ئالدىم - دە، ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردۈم.

سەككىزئاياغدىن ئاتلاپ، سۇنىڭ چوڭقۇر يېرى بىلەن سەككىزئاياغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ رانتۇغا يۆگىشىۋالغان

قوللىرىدىن بىرنى كەسمەكچى بولدۇم. ئۇ شۇ ھامان يەنە بىر قولى بىلەن مېنىڭ بىر پۇتۇمنى يۆگىۋالدى. راستتۇ ئاخىر ئۇنىڭ بىر قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى، ئۈزۈلگەن قول سۇدا خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك خېلىغىچە مىدىرلىدى.

ئۇ يۆگىشىپ - چىرمىشىپ كەتكەن بىلەكلىرى ئارىسىدىن بېشىنى سوزۇپ چىقىرىپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى توم دەرەخ شېخىدەك يوغانىدى. ئەتراپ دېڭىز شاۋقۇنى، دېڭىز سۈيىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغان ئاۋازى، راستتۇنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ناھايىتى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسىمۇ، سەككىزئاياغنىڭ ئاغزىدىن پاق - پاق قىلىپ چىقارغان ئاۋازنى ئاڭلىيالىدىم. ئۇنىڭ قولۇمدىكى پىچاقتىنمۇ ئۆتكۈر چىشلىرىنى كۆردۈم.

پىچاقنى ئۇنىڭغا كۈچەپ تىقتىم. شۇئان تېرەم خۇددى نەچچە مىڭلىغان سۇ زۈلۈكى يېپىشىۋالغاندەك تارتىشىپ قالدىم. ھەرھالدا پىچاق تۇتقان قولۇمدا خېلى كۈچ بار ئىكەن، ئارقا - ئارقىدىن نەچچە قېتىم پىچاق ئۇرغاندىن كېيىن، سەككىزئاياغنىڭ پۇتۇمنى يۆگىۋالغان قولى سۇدا لەيلەپ قالدى.

سەككىزئاياغنى سۇدىن تارتىپ ساھىلغا ئېلىپ چىقماقچىدىم، بىراق پەقەتلا كۈچۈم قالمىدى. ھەتتا قولۋاقنى يېشىپ كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ نەيزە سېپى، ئۇچى ۋە ئارقانلىرىنى يىغىشتۇردۇم.

راستتۇ بىلەن ئۆيگە يېتىپ بارمايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. سەككىزئاياغ راستتۇنىڭ بۇرنىنى چىشلەپ يارىلاندۇرغان، مېنىڭمۇ نەچچە يېرىم يارىلانغانىدى. شۇ يىلى يازدا مەن شۇ خادا تاش ئەتراپىدا شۇنداق يوغان ئىككى سەككىزئاياغنى كۆرگەن بولسامىمۇ يەنە ئۇلارنى نەيزەم بىلەن تۇتۇشنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم.

## يىگىرمىنچى باب

# قەدىمكىلەرنىڭ تاش غارى

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى قولۋاققا يەنە لىق قۇلۇلە يىغدىم. ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن جىقراقى ھېلىقىدەك مەززىلىك قىزىل قۇلۇلىلەر ئىدى. ئۇلارنى پاكىز يۇيۇپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. قاشانىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئەتىگەندىن كەچكىچە كۈن چۈشەتتى، شۇڭا ئۇ يەرگە دەرەخ شېخىدىن جازا ياساپ، قۇلۇلىلەرنى ئۇستىگە قويۇپ ئاپتاپقا سالدىم. قۇلۇلە يېڭى ۋاقتىدا ئالىقاندىن چوڭراق، ئىككى ئالىقان قېلىنلىقچىلىك بولسىمۇ، ئاپتاپتا قۇرۇغاندىن كېيىن بەك كىچىكلەپ كېتەتتى، شۇڭا تېخىمۇ كۆپ قۇلۇلىنى ئاپتاپقا سالمىسام بولمايتتى.

چايكىلار قۇلۇلە گۆشىگە بەك ئامراق بولغاچقا، بۇرۇن بالىلار ئارالدا چايكىلارنى قوغلاپ تۇراتتى. ئەگەر ئاپتاپقا سالغان قۇلۇلىلەرگە بىرەرسى قارىمىسا، بىر ئاي جاپا تارتىپ يىغقان قۇلۇلىلەرنى چايكىلار چۈشكە قالماي پاك - پاكىز يەپ تۈگىتەتتى.

دەسلەپتە ھەر قېتىم بۇلاققا ياكى دېڭىز بويىغا بارغىنىمدا رانتونى چايكىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن ئۆيدە قالدۇرۇپ قوياتتىم. ئۇنىڭ ئۆيدە قالغۇسى بولمىغاچقا، مەن كەتكەندىن كېيىن توختىماي قاۋايتتى. ئاخىر ئامال بولماي قۇلۇلىلەرنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ ياغاچ قوزۇققا ئېسىپ قويىدىغان بولدۇم. قۇلۇلە قېپى

كۆن نۇرىنى قايتۇرۇپ، شامالدا ئوك - سولغا ئۇچۇپ چايكىلارنى ئۈركۈتۈپ يېقىن كەلتۈرمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چايكىلاردىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم.

ئۆزۈم ياسىۋالغان تور بىلەن ئۇششاق بېلىقلارنى تۇتۇپ، قىشتا يېغىنى چىراغ يېغى قىلىپ ياندۇرۇش ئۈچۈن ئېسىپ قۇرۇتتۇم. جازىدا ئېسىقلىق قۇلۇلە قاپلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل نۇر چاچاتتى. قاشاغا ئېسىقلىق تۇتام - تۇتام كىچىك بېلىقلار كۆپلۈكىدىن بۇ ھويلىنى مەن بىلەن رانتىۇلا ئەمەس، پۈتۈن كەنتنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ ئېگىزلىكتە تۇرىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان ئىدى.

قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈكنى غەملەپ بولغاندىن كېيىن، ھەركۈنى سەھەردە دېڭىزغا چىقتىم. يازنىڭ ئاخىرىدا ياۋا ئوتياش ۋە ياۋا زىرائەت يىغىۋالساملا بولاتتى، شۇڭا ھازىرچە قولۇم بىرئاز بىكار بولۇپ قالغانىدى. يازنىڭ دەسلەپكى نەچچە كۈنىدە نۇرغۇن يەرگە — دېڭىز پىللىرى ياشايدىغان ساھىل، بىز تاپقان غاردىنمۇ چوڭ قاراڭغۇ غار، قارىنىلار ئارام ئالىدىغان ئېگىز خادا تاش تۆۋىلىرىگە باردىم.

ئېگىز خادا تاش ئارالدىن بىر لېگ نېرىدا بولۇپ، قارا خادا تاش ئىدى. ئۈستىدە نۇرغۇن قارىنىلار بولغاچقا سەل پارقىرايتتى. كېيىنچىرەك ئۆزۈمگە قارىنا پەيدىن كۆڭلەك تىكىۋالماقچىمۇ بولۇپ، دەسلەپتە بارغاندا قارىنادىن ئون نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ گۆشىنى تىلىپ ئاپتاپقا قاقلاپ قويدۇم.

ئارالنىڭ جەنۇبىدىكى قولىۋاقلارنى قويغان يەرنىڭ يېنى قاراڭغۇ غار ئىدى. غارنىڭ ئالدى ناھايىتى ئېگىز تۇمشۇق، ئەتراپى چوڭقۇر دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى رايونى بولۇپ، ئۇ غاردىن بىر دېڭىز بۆركۈتىنىڭ ئۇچۇپ چىققىنىنى كۆرمىگەن بولسام، غارغا كىرىپ باقماي ئۆتۈپ كەتكەن بولاركەنمەن. كۈن پاتقىلى تۇردى، ئۆيۈمگە

قايتىشىم ئۇچۇن يەنە نۇرغۇن يول ماڭمىسام بولمايتتى، لېكىن دېڭىز بۇركۇتىنىڭ تۇرار جايىنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى.

بۇ غارنىڭ ئاغزى بەك كىچىك، ئېگىزلىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى غارنىڭ ئاغزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، رانتۇنى باشلاپ بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ، بېلىمنى ئېگىپ ئاران كىردىم. سىرتتىن كىرگەن ئاجىز نۇر غارنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۆت تەرىپى قارىلىقىدىن پارقىرايدىغان تاش غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدۇق. ئەگرى - بۈگرى تاش تام تورۇسقىچە تۇتىشاتتى. تاش غارنىڭ ئايىغىدا يەنە بىر كىچىكرەك ئېغىز بار بولۇپ، ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ ئىدى. غار ئاغزىدىن ئۆتۈپ ئاۋۋالقىدىنمۇ چوڭ تاش غارغا كىرىپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئىچى يورۇق بولۇپ، بۇ يورۇقلۇق ئەسلىدە غارنىڭ تورۇسىدىكى ھەرە چىشى شەكىللىك يېرىقتىن كىرگەن كۈن نۇرى ئىدى.

رانتۇ كۈن نۇرىدا تاش تام ئۈستىگە چۈشكەن قارا سايىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە ھاۋىشىدى، ئارقىدىنلا ھۇۋلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى غاردا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، خۇددى نۇرغۇن لالما ئىتلار تەڭ ھۇۋلىغاندەك قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى.

— جىم تۇر، جىم! — ۋارقىرىغىنىمچە، قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم. مېنىڭ ئاۋازىممۇ غاردا نەچچە رەت ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

قولۋاقنى بۇراپ، غارنىڭ ئاغزىغا قايتۇرۇپ ھەيدىدىم. غارنىڭ ئۈستىدە بۆرتۈپ چىققان ياپىلاق تاش غارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، كۆزۈم بىر قاتار غەلىتە ھەيكەللەرگە چۈشتى. يېگىرمىدىن جىقراق ھەيكەلنىڭ ھەممىسى قارا تامغا يۆلەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان، مەنچىلىك ئېگىزلىكتە، قول ۋە پۇتلىرى ناھايىتى ئۇزۇن، بېلى بەك قىسقا، قومۇشتا ياسالغان

بولۇپ، ئۇچىسىدا چايكىلارنىڭ پېيىدىن ئىشلەنگەن كىيىملەر بار ئىدى. ھەممە ھەيكەلنىڭ يۈزىدە قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكىللىك كۆزىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇ كۆزلەر پال - پۇل پالىلداپ ماڭا تىكىلگىنىچە سۇ يۈزىدىكى نۇرنىڭ سىلجىشى ۋە قايتىشىغا ئەگىشىپ تىرىك ئادەمنىڭ كۆزىدىنمۇ بەكرەك مىدىرلايتتى.

بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئوتتۇرىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بىر ئىسكىلىت ساقانقۇشنىڭ سۆڭىكىدە ياسالغان بىر نەينى ئاغزىغا تەڭلەپ تۇراتتى.

بۆرتۇپ چىققان تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان بىر قاتار ھەيكەللەرنىڭ سايىسى ئارىسىدا يەنە باشقا نەرسىلەرمۇ بار ئىدى - بۇ، لېكىن ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، غار دىۋارىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغانىدى.

قولۋاقنى يەنە غارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھەيدىدىم. سۇنىڭ غارنىڭ ئىچىگە ئېقىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. مىنى ھەيران قالدۇرغىنى، غارنىڭ ئاغزى چىققىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە تارلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا بۇ يەردە قونۇپ، سۈبھىدە دېڭىز سۈيى يانغاندا ئاندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق.

ھەيكەللەرنىڭ پالىلداپ تۇرغان كۆزلىرىگە قايرىلىپ قارىماي، قولۋاقنى غارنىڭ ئايغىغا ھەيدىدىم. بارا - بارا ئاجىزلاۋاتقان ئاخىرقى يورۇقلۇققا قاراپ قولۋاقنىڭ تېگىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. غارنىڭ دېڭىزغا چىقىدىغان ئاغزى كىچىكلەپ ئاخىر كۆزدىن غايىب بولدى. كەچ كىرىپ غارنىڭ ئۈستىدىكى يېرىقتىن بىر يۇلتۇز كۆرۈندى.

بۇ يۇلتۇز كېتىپ ئورنىغا باشقا بىر يۇلتۇز ئالماشتى. غار ئىچىدىكى سۇ ئۆرلەپ قولۋاقنى تېخىمۇ ئۆرلەتكىلى تۇردى. دېڭىز سۈيى غار دىۋارىغا ئۇرۇلۇپ، خۇددى نەي ئاۋازىدەك يېقىملىق كۈي

چىقىراتتى. بۇ ئۇزاق كېچىدە، نۇرغۇن كۇيلەر ياڭرىدى. كېچىچە كىرپىك قاقماي دېگۈدەك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزەتتىم. تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەي چېلىۋاتقان ئىسكىلىتنىڭ بىر ئەجدادىم، كۆزلىرى پال - پۇل پاللداپ تۇرغان ھەيكەللەرنىڭ ئەجدادلىرىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى قورقۇپ ئۇخلىيالمىدىم.

غاردىن تاڭ سۈزۈلۈپ يەنە بىر قېتىملىق دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا چىقتۇق. بىزگە نەي چېلىپ بەرگەن ئىسكىلىتقا قارىماستىن، غاردىن ئارقامغىمۇ قارىماي ئۇچقاندەك چىقىپ، سەھەر تۇمىنى قاپلىغان دېڭىزغا كەلدىم.

— مېنىڭچە بۇ غارنىڭ چوقۇم ئىسمى بار، — دېدىم رانتۇغا. ئۇمۇ شۇ تاپتا ماڭا ئوخشاش ئەركىنلىككە چىققىنىغا خۇشال ئىدى، — ئەزەلدىن بۇ غارنىڭ ئىسمىنى ياكى بىرەرسىنىڭ تىلغا ئالغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بىز ئۇنى قاراڭغۇ غار دەپ ئاتىساق بولغۇدەك، ئەمدى ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارمايلى.

ئېگىز خادا تاشتىن دېڭىزغا قايتىپ كەلگەندە، قولىۋاقنى ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنىدىكى غارغا يوشۇرۇپ قويدۇم. بۇ ناھايىتى مۈشكۈل ئىش بولسىمۇ، ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە، ھەتتا ئەتىسى سەھەردە دېڭىزغا چىقماقچى بولساممۇ، قولىۋاقنى سۇدىن چىقىرىپ تۇمشۇقنىڭ قېشىغا سۆرەپ باراتتىم.

ئىككى ياز ئۆتۈپ كەتتى. ئالېيۇتلارمۇ كەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ كۈنلەردە ئۇلاردىن بەك ئېھتىيات قىلاتتىم. تاڭ سۈزۈلسىلا رانتۇ بىلەن قىياغا چىقىپ ئۇلارنىڭ كېمىسى بارمۇ - يوق دەپ پايانسىز دېڭىزغا قارايتتىم. يازدا ھاۋا ياخشى بولغاچقا بىرنەچچە لېگ يىراقنى كۆرەلەيتتىم. قولىۋاق بىلەن قەيەرگىلا بارمايلى، ئارتۇق ھايال قالماي قايتاتتۇق. ئۆيگە قايتقۇچىمۇ قولىۋاقنى قىرغاققا يېقىن ھەيدەپ، ئۇلارنى ئىزدەيتتىم.

ئاخىرقى قېتىم ئېگىز خادا تاش قېشىغا بارغىنىمىزدا ئـالىيۇتلار كەلدى.

قولۋاقنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئون نەچچە پارچە قارىنا تېرىسىنى يۇدۇپ قىياغا ياماشتىم. قىيانىـڭ چوققىسىدا بىرئـاز تۇرۇۋالغانـدىن كېيىن، دېڭىزغـا نەزەر تاشـلىدىم. دېڭىـز يۈزىـدە نەچـچە پـارچە بولـۇت كۆرۈنـدى. ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىـك بىـر بولـۇت باشـقا بولـۇتلاردىن پەرقلىـق ئىـدى، سىنچىلاپ قارىسام ئۇ بىـر كېمە ئىكەن.

قۇيـاش نـۇرى دېڭىـز يۈزىـدە جىمىـرلاپ كـۆزۈمنى چاققـان بولسىمۇ، ئېنىـق كۆرەلـدىم. ئىككى يەلكەنلىـك بـۇ كىمە ئۇدۇل ئارالغا كېلىۋاتاتتى. خېلىغىچە كېمىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئېتەلمىدىم. ئۇلارنى ئاق تەنلىكلەرمىكىـن دەپ ئويلاپ قالـدىم، لېكىن هـازىر ئـۇلارنى بۇرۇنقىـدەك سـېغىنمايدىغان، دېڭىـز بويىـدا ئولارنىـڭ كېلىشىنى كۈتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

قارىنا تېرىلىرىنى قاشاغا ئېلىپ قويۇپ، ئېگىزلىكتىكى تاشنىڭ تۆپىسىگە يامىشىپ چىقتىم. قۇياشـنىڭ ئورنى ناهـايىتى تـۆۋەن، دېڭىز يـۈزى ۋاللـداپ چاقناۋاتقـان بولغاچقـا، تاشـنىڭ ئۈسـتىدىمۇ ئېنىـق كۆرەلمىـدىم. ئـاق تەنلىكلەرنىـڭ شـەرقتىن كېلىـدىغانلىقى كېيىن يادىمغا كەلدى. بۇ كېمە باشقا تەرەپتىن، يەنـى شىمالدىن كېلىۋاتاتتى.

كېمىنىـڭ ئالىيۇتلارنىـڭ كېمىـسى ئىكەنلىكىنـى يەنـىلا جەزم قىلالمىغان بولسامۇ، جىلغىدىكى غارغا ئېلىپ ماڭغىلى بولىـدىغانلا نەرسـە ـ كېرەكلەرنـى چىگىـپ تەييـار قىلىـش قارارىغـا كەلـدىم. ئېلىپ ماڭىدىغان ئىككى قۇش، ئۆزۈم تىككەن كـۆڭلىكىم، تـاش قاچـا ـ قۇچـا، مارجـان بەلبېغىم بىـلەن هالقـام، قارىنـا پېپىسى، شۇنداقلا بارلىق سېۋەت ۋە قورallar بولۇپ بەك جىق ئىـدى. قولـۇلە گۆشى تېخى قۇرۇمىغاچقا ئۇنى ئالمىدىم.

ھەممە نەرسىنى تېڭىپ تەييار قىلىپ قاشانىڭ قېشىدىكى ئورەكنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئېگىزلىككە يەنە چىقتىم. بىراۋنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن تاشنى باغىرلاپ تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتىم. دەسلەپتە دېڭىزدىن كېمىنى تاپالمىدىم، كېمىنى تاپقاندا ئۇنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ تېز ماڭىدىغانلىقىنى كۆردۈم. كېمە دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى رايونىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ مارجان قولتۇقىدىكى خادا تاشقا يېقىنلاپ قالغانىدى. كېمىگە چۈشكەن شەپەق قۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك بېشى بىلەن قىزىل رەڭلىك يەلكىنىنى يورۇتقانىدى.

ئالىيۇتلارنىڭ قىرغاققا كېچىسى چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لاقا ـ لۇقىلىرىمنى غارغا توشۇۋېلىشىمغا يەنە توپتوغرا بىر كېچە ۋاقىت بولىسىمۇ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ لاقا ـ لۇقىلىرىمنى توشۇپ، يېرىم كېچىگىچە غارغا ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدىم. تاڭ ئاتقۇچە توشۇپ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆيگە باردىم. گۆلخاندىكى كۆلنى كۆمۈۋېتىپ، بىر نەرسىلەرنى قويغان تاشنىڭ ئۈستىگە ۋە يەرگە قۇم چېچىۋەتتىم. يەنە چايكىلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان قۇلۇلە قېپىنى ئېلىپ گۆشى بىلەن قوشۇپ قىيادىن تاشلىۋېتىپ، ئاخىرىدا ئاياغ ئىزىمنى ساقانقۇشنىڭ پېيى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتتىم. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆي ئۇزاق ۋاقىت ئادەم تۇرۇپ باقمىغان تۇسكە كىردى.

بۇ چاغدا كۈن كۆتۈرۈلۈپ بولغان، مەن تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولغان، كېمە دېڭىز قولتۇقىغا كىرىپ توختاپ بولغانىدى. بىرنەچچە قېيىق قىرغاققا نەرسە ـ كېرەك توشۇۋاتاتتى، بىرمۇنچە ئادەم دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى رايونىغا كىرىپ، قاما تۇتۇشنى باشلىۋەتكەنىدى. قىرغاقتا گۆلخان يېقىلدى، گۆلخان يېنىدا بىر قىز بىر نەرسە قايناتقىلى ۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېچىدا ئەكس ئەتكەن ئوت يالقۇنىنى كۆردۈم.

ئېگىزلىكتە ئانچە ئۇزاق تۇرمىدىم. كېيىن جىلغىغا بارغىنىمدا

ھەر قېتىم ئوخشىمىغان يول بىلەن ماڭدىم، بۇنداق قىلغاندا ماڭغان يولۇمدىن كىچىك يول پەيدا بولۇپ قالمايتتى. بۇ قېتىم تىك يارنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ، ئاندىن چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ قايرىلىپ كەلدىم. ئىز قالدۇرۇپ قويۇشتىن بەك ئېھتىيات قىلدىم. ئالىيۇتلار ئارالدا ئىت بارلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا رانتۇنىڭ ئىزىغا پەرۋا قىلمىدىم.

غار تولىمۇ قاراڭغۇ بولغاچقا، رانتۇنى غارغا كىچىك ئاغزىدىن ئىتتىرىپ ئەكىرەلمەي بەك رىيازەت چەكتىم. غارنىڭ ئاغزىدىن نەچچە رەت ئۆمىلەپ كىرىپ - چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن مەن بىلەن بىرلىكتە ئۆمىلەشكە كۆندى. تاش بىلەن غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ، بەك چارچاپ كەتكەچكە، يېتىپلا ساق بىر كۈن ئۇخلاپ تاكى تاش ئارىلىرىدىن يۇلتۇز كۆرۈنگەندە ئاندىن ئويغاندىم.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئالىيۇت قىز تۇتۇك

ئالىيۇتلار ئىتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، رانتۇ ئۇلارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇ كۈنى غاردىن ئۇنى ئالماي چىقىپ، ئەگىشىۋالمىسۇن دەپ غار ئاغزىنى ئېتىپ قويۇپ، چاتقاللىقتىن غىمىسسىدە ئۆتۈپ ئېگىزلىككە كەلدىم.

ھېلىقى بەك ئېگىز تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماي تۇرۇپلا ئالىيۇتلار ياققان ئوتنى كۆردۈم. ئۇلار چېدىرىنى چاسا تاغنىڭ ئۈستىگە، يەنى ئۇلار بۇرۇن سۇ ئىچىدىغان بۇلاقنىڭ يېنىغا تىكەنىدى. ئۇ يەر مەن تۇرغان غارغا يېرىم لىگمۇ كەلمەيتتى.

ئوت ئۇچقۇنىغا يىراقتىن بەك ئۇزاق قاراپ، ئارالنىڭ يەنە بىر چېتىگە ياكى ئىلگىرى لالما ئىتلار تۇرغان ئۆڭكۈرگە كۆچۈپ كېتىش - كەتمەسلىك ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمىدىم. ئەرلىرىنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيتتىم، چۈنكى ئۇلار كۈنبويى دېڭىز بويىدا ئىشلەيتتى ياكى قېيىقلىرى بىلەن دېڭىزدا قاما ئوۋلايتتى. ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ھېلىقى قىز ئىدى. جىلغىدىكى چاتقاللار ناھايىتى قويۇق ئۆسكەن، ئۆتمەك بەك تەس بولسىمۇ، جىلغىدا ياۋا ئوتياش بىلەن ياۋا ئاشلىق بار ئىدى. ئۇ قىز يېمەكلىك ئىزدەپ بۇلاققا كېلىپ، بۇلاق سۈيىنى بىراۋنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنىنى سېزىپ قالسا، غارغا بارىدىغان ئاياغ ئىزىمنى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

تاش ئۈستىدە تاكى ئالىيۇتلار ئوتنى ئۆچۈرگۈچە ئۆرە تۇردۇم. قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى ئويلىدىم، مەن بارالايدىغان بىرنەچچە يەرنى ئويلاپ، ئاخىر جىلغىدا تۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. بۇ ئارالنىڭ ئايغىدا بۇلاق يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرگە بېرىۋالسام، مەن ئېھتىياجلىق قولۋاقنى تىقىپ قويىدىغان مۇۋاپىق ئورۇنمۇ يوق ئىدى.

غارغا قايتىپ كېلىپ، ئاي تولغاندا ئاندىن چىقتىم. ئوزۇق - تۈلۈك ئاز قالغانىدى. رانتۇنى ئېلىپ ئېگىزلىككە چىقىپ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، قاشادىكى كىت سۆڭىكىنىڭ نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆي ئىچىدە ئادەم يوق ئىدى، بولمىسا رانتۇ قاۋاپ كېتەتتى. دولقۇن قايتىدىغان سۇبھى ۋاقتىدا بىر تۇلۇم دېڭىز سۈيى بىلەن بىر سېۋەت قۇلۇلىنى ئالدىم - دە، تاڭ ئېتىپ بولغۇچە قايتىپ كەلدۇق.

قۇلۇلە دېڭىز سۈيىدە ساقلانسا ياخشى تۇراتتى، لېكىن يەنە سىرتقا چىقمىساق بولمايدىغان چاغدا، كېچە بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، خادا تاش تۆۋىگە بارىدىغان يولنى تاپالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئازراق ياۋا ئوتياش يىغىشقا مەجبۇر بولدۇم. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بەك جىق ياۋا ئوتياش يىغىۋېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا يەنە بىر ئايدىك كېچە كېلىشتىن بۇرۇن، پەقەت سەھەردىلا چىقماي ئامالىم يوق ئىدى. ئاي چىققان كۈنلەردىلا، خادا تاش تۆۋىگە بېرىپ قۇلۇلە تېرەلەيتتىم.

مۇشۇ كۈنلەردە ئالىيۇتلاردىن بىرىنىمۇ كۆرمىدىم. ھېلىقى قىز جىلغىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىگە ياۋا ئوتياش يىغقىلى بارغان، مەن ئۇ يەردىن ئۇنىڭ ئىزىنى بايقىغان بولسامۇ، لېكىن غارنىڭ ئەتراپىغا ئۇمۇ كەلمىدى. ئالىيۇتلارنىڭ ئىت ئېلىپ كەلمىگەنلىكى ھەققەتەن تەلىيىم ئىدى، ئەگەر ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ رانتۇنىڭ ئىزىنى بايقاپ قېلىپ، بىزنى ئىزدەپ غارغا كېلىشى

ئېهتىمالغا بەك يېقىن ئىدى.

رانتۇ ئىككىمىز بۇ كۆنلەرنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈۋاتاتتۇق. دەسلەپتە ئۇ غار ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ غارنىڭ ئاغزىدا تاش يوچۇقلىرىنى پۇراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئالىيوتلار تۇرغان يەرگە بېرىپ قايتىپ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، مەن بىللە چىقمىغان چاغلاردىن باشقا ۋاقىتتا ئۇنى سىرتقا ھەرگىز يالغۇز چىقارمىدىم. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كۆنۈپ قالدى بولغاي، كۆنلەپ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا قاراپ ياتىدىغان بولدى.

غار ئىچى بەكمۇ قاراڭغۇ، ھەتتا كۈن تىكلەشكەندىمۇ شۇنداق قاراڭغۇ ئىدى، شۇڭا يىغىپ قويغان كىچىك بېلىقلىرىمنى يېقىپ، ئۇنىڭ نۇرىدا كۆنلەپ ئولتۇرۇپ قارنا تېرىسىدىن كۆڭلەك تىكتىم. ئىگىز خادا تاش تۆۋىدىن ئېلىپ كەلگەن ئون نەچچە پارچە قارنا تېرىسى تىكسە بولغۇدەك قۇرۇغانىدى. بۇ تېرىلەرنىڭ ھەممىسى ئەركەك قارنا تېرىسى، چىشى قارنا تېرىسىگە قارىغاندا پەيلىرى قېلىن ھەم پارقىراق، يۇككا تالاسىغا قارىغاندا كۆڭلەك تىكىشكە كۆپ ئاسان ئىدى. بۇ كۆڭلەكنى تېخىمۇ ياخشى تىكمەكچى بولۇپ، تېرىلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل پىچىپ ناھايىتى ئاۋايلاپ تىكتىم.

ئاۋۋال تېرىلەرنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇلاپ، ئۇچ پارچە تېرىدە كۆڭلەكنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى تىكتىم. يەنە بىرنەچچە تېرىنىڭ چۆرىسىنى تىكىپ بىرلەشتۈرۈپ كۆڭلەكنىڭ باشقا قىسىملىرىنى پۈتكۈزدۈم. پۈتكەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى پەيلەر بىر يۆنىلىشكە، ئاستىنقى قىسمىدىكى پەيلەر يەنە بىر يۆنىلىشكە قارايتتى.

بۇ كۆڭلەك ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ئۇنى ئىككىنچى ئايدىكى كېچە تولغىنىدە پۈتكۈزدۈم. كىچىك بېلىقلارنىڭ

ھەممىسىنى يىقىپ تۆگەتكەنىدىم، ئالىيۇتلار كەتكىچە بىلىق تۇتۇشقا چىقالمىغاچقا، كۆگلەكنى سىرتقا ئاچىقىپ تىكتىم. جىلغىدا تۇنجى قېتىم ئاياغ ئىزىنى بايقىغاندىن كېيىن، يەنە ئىككى قېتىم ئاياغ ئىزىنى بايقىدىم، لېكىن ھېچقايسىسى ئۆگكۈرگە يېقىن ئەمەس ئىدى. قىشنىڭ بوران - چاپقۇنى پات - ئارىدا كېلەتتى، ئالىيۇتلارمۇ كېلەر قېتىم ئاي تولۇشتىن بۇرۇن كېتىپ بولاتتى، شۇڭا خەۋپسىرىمەسلىككە باشلىدىم.

بۇ كۆگلەكنى كۈن نۇرىدا كۆرۈپ باقمىغانىدىم. قارنىنىڭ يەيلىرى قارا بولسىمۇ، ئالتۇندەك پارقىراپ، ھەربىر تال پېيى خۇددى ئوت يالقۇنجاۋاتقاندەك چاقناپ، تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ كۆپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. تېخىمۇ تېز تىكتىم، پۈتەي دەپ قالغاندا، بېلىمگە تەگلەپ كۆرۈپ باقتىم.

— رانتو، — دېدىم خۇشاللىقىمدا ئاغزىم قۇلىقىمغا يېتىپ، — سەنمۇ ئادەم بولۇپ قالغان بولساڭ، ماڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چىرايلىق قىلىپ ساغىمۇ تىكىپ بېرەتتىم.

ئۆگكۈر ئاغزىنىڭ سىرتىدا ياتقان رانتو بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەسنەپ قويۇپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

كۈن نۇرىدا كۆگلەكنىڭ بېلىنى بېلىمگە تەگلەۋاتسام، رانتو تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. مەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. ئاۋاز بۇلاق تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى، دەرھال بېشىمنى بۇراپ چاتقاللار ئارىسىدىن ماڭا قاراپ تۇرغان بىر قىزنى كۆردۈم.

نەيزەم ئۆگكۈر ئاغزىنىڭ يېنىغا يۆلەكلىك بولۇپ، قولۇمنى سوزسام ئالاتتىم. ئۇ قىز مەندىن ئون قەدەمچە نېرىدا بولۇپ، مىدىرلىسىلا، نەيزىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتاتتىم، نېمە ئۈچۈنكى بىلمىدىم، نەيزىنى ئۇنىڭغا ئاتمىدىم، ئۇ مارجان قولتۇقىدىكى ساھىلدا قېرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرگەن ئالىيۇتلارنىڭ بىرىغۇ؟!

ئۇ نېمىلەرنى دېدىكىن، رانتو غار ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا

ئالدىرىماي ماڭدى، رانتۇنىڭ بوينىدىكى تۈكلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، ئۇ بۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى سىيلاپ قويۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇ قىز ماڭا قاراپ قول ئىشارىتى قىلدى، ئۇنىڭ ئىشارىتىدىن رانتۇ مېنىڭكى دەۋاتىدۇ دەپ بىلدىم.

— ياق! — ۋارقىرىغىنىمچە بېشىمنى چايقىدىم. نەيزىنى قولۇمغا ئالدىم.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، ئۇنى چاتقاللىققا قاراپ قاچىدىغان بولدى دەپتىمەن، كىم بىلسۇن، ئۇ رانتۇ ئەمدى مېنىڭ بولدى دېگەن مەنىدە يەنە قول ئىشارىتى قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىم. نەيزىنى مۇرەمگە ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتماقچى بولدۇم.

— تۇتوك — ، دېدى ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ.

مەن ئىسمىمنى دەپ بەرمىدىم، رانتۇنى چاقىرىشىمغا ئۇ يېنىمغا كەلدى.

بۇ قىز بىر رانتۇغا، بىر ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ يېشى مەندىن چوڭ بولسىمۇ، بويى مەنچىلىك ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى كەڭ، پىستە كۆزلىرى قاپقارا ئىدى. ئۇ كۈلگەندە تېيۇلېنىنىڭ سىڭرىنى تولا چايناپ ئۇپراپ كەتكەن ئاپئاق چىشلىرىنى كۆردۈم.

قارنا كۆڭلەك تېخىچە قولۇمدا ئىدى، ئۇ قىز كۆڭلەكنى كۆرسىتىپ بىر نىمىلەرنى دېدى. گەپلىرى ئارىسىدىكى بىر سۆز — ۋىنىسكا — بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «گۈزەل» دېگەن سۆزدەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

مەن كۆڭلىكىمدىن پەخىرلەندىم، بۇنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. كۈنىنىڭ نۇرىدا كۆڭلەك ئېنىق كۆرۈنسۇن دەپ، نەيزە قولۇمدا تۇرۇپ كۆڭلەكنى ئېگىز كۆتۈردۈم.

ئۇ قىز تۇمشۇقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئالدىمغا كېلىپ

كۆڭلەكنى سلاپ باقتى.

— ۋىنسكا، — دېدى ئۇ يەنە.

مەن ئۇنىداق دېمىدىم، لېكىن ئۇ كۆڭلەكنى قولۇمدىن ئالماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ كۆڭلەكنى بېلىگە تەگلەپ، يانپىشىدىن سىيرىلدۇرۇپ، ئۇ ياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ توختىماي كۆردى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، كۆڭلەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى سۇدەك يەلپۈنەتتى. لېكىن، ئۇ بەربىر ئالىيوت ئىدى، مەن ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى تارتىۋالدىم.

— ۋىنسكا، — دېدى ئۇ.

بىرەرسىنىڭ ماڭا گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغىنىمغا بەك ئۇزاق بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرى غەلىتە ئاڭلاندى، ھەتتا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنى دۈشمىنىم بولسىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى.

ئۇ مەن چۈشەنمەيدىغان يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى دېدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا نەزەرى مۈرەمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ غارغا چۈشتى. ئۇ غارنى، ئاندىن مېنى كۆرسىتىپ، ئوت ياققاندەك ھالەتنى ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم، لېكىن ئىپادە بىلدۈرمىدىم. ئۇ مېنىڭ غاردا تۇرىدىغان - تۇرمايدىغانلىقىمنى بىلمەكچىدى، بۇنى بىلىپ قالسا، قېرىنداشلىرىنى باشلاپ كېلىپ مېنى تۇتۇپ چېدىرىغا ئېلىپ كېتەتتى. مەن بېشىمنى چايقاپ، ئارالنىڭ ئايغىنى، بەك يىراق يەرنى كۆرسەتتىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتىم.

ئۇ ئەمدى ھېچنېمە دېمەستىن يەنىلا غارغا قاراپ تۇراتتى. نەيزەمنى كۆتۈردۈم، ئەسلىدە ئاتسام بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇۋچىلارنى باشلاپ كېلىشىدىن قورقساممۇ، يەنىلا ئاتمىدىم.

ئۇ يېقىن كېلىپ بىلىكىمنى تۇتتى. مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم. ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ كۈلۈپ، ئاندىن بۇلاققا ماڭدى. كۆزنى

يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇ چاتقاللىقنىڭ ئىچىدە كۆزۈمدىن غايىب بولدى. رانتىۇ ئۇنىڭ بىلەن كەتكۈسى بولمىغاچقا، ئۇ ماڭغاندا قاۋاپمۇ قويمىدى.

غارغا يامىشىپ چىقىپ، لاقا - لۇقىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تاڭدىم. كۈنبويى مۇشۇ ئىشنى قىلدىم، چۈنكى ئۇ ئەرلەر يەنىلا ئىشلەۋاتاتتى، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن چېدىرىغا قايتمايتتى.

شۇ ئاخشاملا غاردىن كېتىشكە تەييارلىنىپ، قولۋاق بىلەن ئارالنىڭ غەربىگە كەتمەكچى بولدۇم. ئۇ يەردە ئالىيۇتلار كەتكۈچە تاشنىڭ ئۈستىدە ياتسام بولاتتى، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا باشقا ياققا يۆتكەلسەممۇ بولاتتى.

بەش سېۋەت مېلىمنى جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۆيۈمگە يېقىن جايغا كۆمۈپ قويدۇم. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، يەنە غارغا بېرىپ قېپقالغان ئىككى سېۋەت نەرسەمنى ئېلىۋالمىسام بولمايتتى. چاتقاللىقتىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، غار ئاغزىنىڭ نەق ئۈستىدە تۇرۇپ پەستە شەپە بار - يوقلۇقىغا قۇلاق سالدىم. رانتۇمۇ يېنىمدا تۇرۇپ قۇلاق سالدى. چاتقاللىقتا ئۇزاق مۇددەت ياشىغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم كېچىسى چاتقاللىقتا ماڭسىلا شەپە چىقارماي قالمايتتى.

بۇلاقنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سەل تۇرۇۋېلىپ، يەنە غار تەرەپكە ياماشتىم. كۆڭلۈمگە مەن كەتكەندىن كېيىن ئالىلىكىملەر بۇ يەرگە كېلىپ قاراڭغۇغا مۆكۈپ تۇرۇپ مېنى كۈزىتىپ، غارغا كىرىشىمگىلا قول سالماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى.

سەل قورقتۇم، شۇڭا غارغا كىرمەي، دەرھال كەينىمگە بۇرۇلۇپ مېڭىشىمغا غارنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەي قىلىپ ئىشلەتكەن تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر نەرسە كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇ مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، قارا تاشتىن ياسالغان بىر تىزىق مارجان ئىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## تۇتۇق بىلەن بولغان دوستلۇق

غارغا كىرمىدىم، تاش ئۈستىدىكى مارجانىنمۇ ئالمىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئىگىزلىكتىكى سېۋەتنى يوشۇرۇپ قويغان جايدا تۈنىدىم. تاڭ يورۇشى بىلەن جىلغىغا كېلىپ، چاتقاللىقتىكى پۇلتىيىپ چىققان تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندۇم. بۇ يەر بۇلاققا يېقىن، غارنىڭ ئاغزىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جاي ئىدى.

كۈن چىقىپ پۈتۈن جىلغىنى يورۇتتى. تاشنىڭ ئۈستىدىكى مارجاننى كۆرەلىدىم. ئۇ قاراڭغۇ تۈندىكىدىنمۇ قارا كۆرۈندى. چۈشۈپ مارجاننى ساناپ، بوينۇمغا تاقاپ نەچچە يۈگىلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم - يۇ، لېكىن يەنىلا تاشنىڭ كەينىدىن مىدىرلىمىدۇق.

ئۇ يەردە توپتوغرا چۈشكىچە تۇردۇم. كۈن ئىگىلەشكەندە، رانتىۇ تۈيۈقسىز قاۋاپ كەتتى، تۆۋەندىن ئاياغ تىۋىشى كەلدى. ھېلىقى قىز ناخشا ئېيتقىنىچە چاتقاللىقتىن چىقىپ كەلدى. غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تاشنىڭ ئۈستىدىكى مارجانى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ئۇ مارجاننى قولىغا ئېلىپ يەنە قوپ قويۇپ، غار ئىچىگە قارىدى. ئىككى سېۋەتىم تېخى ئۇ يەردە ئىدى. ئارقىدىن ئۇ بۇلاققا بېرىپ سۇ ئىچىپلا چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى.

بىردىنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— تۇتوك، — جىلغىغا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدىم، — تۇتوك.

ئۇ چوقۇم ئەتراپتا مۆكۈپ تۇرۇپ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك، شۇئان چاتقاللىق ئارىسىدىن چىقتى.

تاشنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، مارجاننى بوينۇمغا تاقاپ، ئۇنى زوقلانسۇن دەپ، بىرنى پىرقىرىدىم. مارجان بوينۇمغا ئىككى ئەمەس، ساق ئۈچ يۆگەلدى. مارجان يۇمىلاق بولماستىن، بەزىلىرى ئۇزۇنچاق، بەزىلىرى سوقىچاق ئىدى. بۇخىل مارجاننى ياساش بەك تەس بولۇپ، يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلاتتى.

— ۋىنسكا، — دېدى ئۇ.

— ۋىنسكا، — دېدىم مەنمۇ بەك تەستە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاندىن ئۆز تىلىمىزدا:

— گۈزەل، — دېدىم.

بۇ سۆزنى دېيىش ئۇنىڭغىمۇ بەك تەس كەلدى بولغاي، ئۇ:

— ۋىن - تەي، — دەۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ مارجاننى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزى تىلىدا ئىسمىنى دېدى، مەنمۇ ئۆز تىلىمىزدا ئىسمىنى دېدىم. ئاندىن بىز بۇلاق، غار، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان چايكا، قۇياش، ئاسمان، ئۇخلاۋاتقان رانتۇ قاتارلىق باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكەچ توختىماي كۈلۈشتۇق. بىزنىڭ تىلىمىزدىكى پەرق بەك چوڭ ئىدى. تاكى كۈن غەربكە قىيسايغۇچە ھېلىقى تاشتا ئولتۇرۇپ توختىماي بۇ ئويۇننى ئوينىدۇق. ئاندىن تۇتوك ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدا خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى.

— ماھ - نەي، — ئۇ خوشلىشىپ، ئىسمىمنى دەپ بېرىشىمنى ساقلاۋاتاتتى.

— ۋان - ئا - پا - لېي، — دېدىم جاۋاب بېرىپ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «قارا سۇمبۇل چاچ قىز» دېگەنلىك بولۇپ،

مەخپىي ئىسمىمنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم.

— ماھ ـ نەي، ۋان ـ ئا ـ پا ـ لىي، — دېدى ئۇ.

— پاھ ـ سېي ـ نوۋ، تۇتىوك، — دېدىم جاۋاب بېرىپ. چانقاللىقتا كىرىپ قارىسى يىتكۈچە، تاكى ئاياغ تىۋىشى يوقالغۇچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئېگىزلىككە چىقىپ سېۋەتنى ئېلىپ غارغا كىرىپ كەتتىم.

ئەتىسى تۇتىوك يەنە كەلدى. تاش ئۈستىدە ئاپتاپسىناچ كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن تىل ئالاقىسى قىلدۇق. كۈن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ، ئۇ خوشلاشمىسا بولمايدىغان ۋاقىت كېلەي دەپ قالدى، بىراق ئۇ باشقا كۈنى يەنە كەلدى. شۇ كۈنى ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، مەخپىي ئىسمىمنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم.

— كارانا، — دېدىم ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ.

ئۇ بۇ سۆزنى تەكرارلىدى، لېكىن مېنىڭ نېمە دەۋاتقىنىمنى چۈشەنمىدى.

— ۋان ـ ئا ـ پا ـ لىي، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

بېشىمنى چايقاپ يەنە ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كارانا، — دېدىم.

ئۇ قارا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قالدى، ئاستا ـ ئاستا چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى:

— پاھ ـ سېي ـ نوۋ، كارانا، — دېدى ئۇ.

ئۇ كۈنى كەچتە ماڭا بەرگەن مارجان ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر سوۋغات ياساشقا باشلىدىم. باشتا ئۇنىڭغا بىرجۈپ سۆڭەك ھالقا ياساپ بەرمەكچى بولدۇم، كېيىن ئۇنىڭ قۇلىقى تېشىلمىگەنلىكى، ئاندىن سىلىقلاپ يۇمىلاقلاپ قويغان بىر سېۋەت نېپىز قۇلۇلە قېپى بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر چاچ قىسقۇچ ياساشقا باشلاپ، بىگىز ۋە قۇم

بىلەن سېپتا يۇمىلاقلاپ قويغان قۇلۇلە قېپىغا بىر - بىرلەپ ئىككى تۆشۈك ئاچتىم. چىمچىلىقىمنىڭ ئۇچىچىلىك كېلىدىغان ئون ئۈنچىنى تىيۇلىن سىگىرىغا ئۆتكۈزۈپ يۇمىلاقلاپ قويغان قۇلۇلە قېپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويدۇم.

بۇ چاچ قىسقۇچنى ياساشقا بەش ئاخشام ۋاقتىم كەتتى، ئالتىنچى كۈنى ئۇ كەلگەندە، ئۇنى بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تاقاپ قويدۇم.

— ۋىنسكا، — دېدى ئۇ مېنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ بۇنچە خۇشال بولغىنى قاتتىق قۇلۇلە قېپىدىن تۆشۈك ئاچقۇچە قولۇم ئاغرىپ تارتقان ئازابىمنى ئۇنتۇلدۇردى.

ئۇ غارغا نۇرغۇن قېتىم كېلىپ كەتتى. كېيىن بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ كەلمىدى. ئۇنى بىر كۈن ساقلاپ گۇگۇم چۈشۈشكە يېقىن ئەرلەرنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلىپ قېلىپ ئىزدەپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ غاردىن چىقىپ. جىلغىنى كۆرگىلى بولىدىغان چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. ئۇ كۈنى شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تۈنىدىم، ئۇ چاغدا باش قىشنىڭ سوغۇق شاملى باشلانغان، كېچىلىرى بەك سوغۇق ئىدى.

تۇتوك ئىككىنچى كۈنىمۇ كەلمىگەندىن كېيىن، ئالىيۇتلارنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. ئۇلارنىڭ كېتىپ بولغانلىقىنىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېگىزلىككە باردىم. تاكى تۆۋەندىكى تاشنىڭ يېنىنى كۆرگىلى بولغۇچە تاشقا ياماشتىم. يۈرىكىم ناھايىتى تېز سوقۇۋاتاتتى.

ئالىيۇتلارنىڭ كېمىسى تېخى ئۇ يەردە تۇراتتى، لېكىن ئەرلىرى پالوبىدا ئىشلەۋاتاتتى، قېيىقلىرى موكىدەك قاتناۋاتاتتى. شامال بەك كۈچلۈك، قىرغاقتا دېگىز قاملىرىنىڭ نەچچە باغلاملا تېرىسى قالغان بولۇپ، كېمە تاڭ سەھەردە يولغا چىقىدىغاندەك قىلاتتى.

جىلغىغا قايتىپ كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بەك سوغۇق شامال چىقىۋاتقاچقا، ئالىيۇتلارنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىدىن ئەنسىرىمىسەممۇ بولاتتى، شۇڭا غارنىڭ ئىچىدە ئوت يېقىپ دېڭىز قۇلۇلىسى بىلەن ياۋا كۆكتاتنى ئارىلاشتۇرۇپ راتنۇ، تۇتوك ۋە ئۆزۈمگە كەچلىك تاماق ئەتتىم، تۇتوكنىڭ ئەمدى كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭ تامىقىنى گۈلخاننىڭ يېنىغا قويۇپ ئۇنى ساقلىدىم.

راتنۇ قاۋاپ كېتىۋىدى، مەنمۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، دەرھال غارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ، زەن قويۇپ تىڭشىدىم. ھېچنېمە يېمەي خېلى ئۇزاق ساقلىدىم. بۇلۇت شىمال تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئاسماننى سوغۇق قاپلىدى. بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، جىلغىدا گۈركىرىگىلى تۇرۇۋىدى، ئاخىر غارنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن ئېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

تاڭ سۈزۈلگەندە ئېگىزلىككە چىقتىم. شامال توختىدى. دېڭىزنى قويۇق تۇمان قاپلىغان بولۇپ، كۆل رەڭ دولقۇن كۆك دېلفىن ئارىلىغا ئۇرۇلاتتى. خېلى ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن مارجان قولتۇقىنى كۆردۈم. قۇياش نۇرى سەھەر تۇمانلىرىنى ئاخىر تارقىتىۋەتتى. كىچىك پورت قورۇقدىلىپ قالغان، ئالىيۇتلارنىڭ قىزىل قوشىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇچىغا قىزىل يەلكەن ئېسىلغان كېمىسى كېتىپ بولغانىدى.

دەسلەپتە، غاردىن دەرھال ئايرىلىپ، ئېگىزلىكتىكى ئۆيۈمگە كۆچۈپ كەتسەم بولىدۇ، ئۆيۈمدە تۇرسام خۇش بولىمەن دەپ قارىغانىدىم، لېكىن ئېگىز تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ چۆلدەرەپ قالغان دېڭىز قولتۇقىغا، قۇپقۇرۇق دېڭىزغا قاراپ تۇرغىنىمدا تۇتوك ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، ئىككىمىز ئاپتاپتا ئۆتكۈزگەن چاغلارنى سېغىنىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، ئۇنىڭ كۆلگەندە يۇمۇلۇپ قالىدىغان قارا كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

رانتۇ پەستىكى ياردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۇگۇرۇپ، سايرىشۋاتقان چايكىلارغا قاراپ ھاۋشىيتتى. ساقانقۇش كۆپكۆك دېڭىزدا بېلىق تۇتقاچ توختىماي كاركىرايتتى. يىراقتىن دېڭىز پىلىنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، لېكىن تۇتوك ئىسمىگە كەلگەندە بولسا بۇ ئارال يەنە تىپتىنچ بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.



## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# قاما باللىرىنى بېقىش

قاما ئوۋلايدىغانلار كەتكەندىن كېيىن، دېڭىز بويىدا يارىلانغان قاملار قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى لەيلەپ كېلىپ قىرغاقتا ئۆلدى، يەنە بەزىلىرىنىڭ هايات قېلىشىدىن ئۈمىد يوق، جېنى بەك قىينىلىپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم. يېنىك يارىلانغان قاما باللىسىدىن بىرنى تېپىۋالدىم.

ئۇ ئەركەك دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى رايونىدا ياتقانىكەن. رانتۇ قاۋاپ كەتمىگەن بولسا، كېمەممۇ ئۆتۈپ كېتەركەن. ئۇنى سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بەدىنىنى ئوراپ تۇرغاچقا ئۇخلاۋاتىدۇ دەپتىمەن، چۈنكى قاملار سۇدا ئېقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى مۇشۇنداق باغلىۋالاتتى. سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى چوڭقۇر يارا ئىزىنى كۆردۈم.

قېشىغا يېقىن بېرىپ قولۇمنى ئۇزاتساممۇ، ئۇ قاچمىدى. قامىنىڭ، بولۇپمۇ ياش قاملارنىڭ كۆزى بەك چوڭ بولاتتى، بۇ قامىنىڭ كۆزى ۋەھىمە ۋە ئاغرىق ئازابىدىن تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆز ئەكسىمنى كۆردۈم.

ئۇنى ئورىۋالغان سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنى كېسىۋېتىپ، دېڭىز دولقۇنى ئېقىتىپ كېتەلمەيدىغان خادا تاشنىڭ كەينىدىكى تاشقىن سۇ كۆلچىكىگە ئاپىرىپ قويدۇم.

بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، دېڭىز ناھايىتى تىنچ بولاتتى. قاما ئۆلۈك جانىۋارلارنى يېمەيتتى، شۇڭا ئەتىگەندە خادا تاشنىڭ يېنىدىن بېلىقتىن ئىككىنى تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويماي ناھايىتى ئاۋايلاپ كۆلچەككە سېلىپ قويدۇم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە كۆلچەكنىڭ يېنىغا باردىم. بېلىق كۆرۈنمەيتتى، قاما ئوگدىسىغا لەيلەپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆسۈملۈك دورا بىلەن ئۇنىڭ جاراھىتىنى داۋالاشنى ئويلىمىدىم، چۈنكى دېڭىز سۈيىنىڭمۇ جاراھەت داۋالاش رولى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆسۈملۈك دورا سۈرتكەن بىلەنمۇ، دورىنى سۇ ئېقىتىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىككى بېلىق ئاپىرىپ كۆلچەككە تاشلاپ بېرەتتىم. مەن قاراپ تۇرغاندا، قاما ھەرگىزمۇ ئۇنى يېمەيتتى. كېيىن بېلىقتىن تۆتنى بەرسەم، بۇنىمۇ پاك - پاكىز يەپ بولىدىغان بولدى. كېيىن بېلىقنىڭ سانىنى ئالتىگە كۆپەيتتىم. قارىغاندا بۇ سان ئۇنىڭغا بىرقەدەر مۇۋاپىقتەك قىلدى. مەيلى ھاۋا ياخشى كۈنلەر ياكى بوران - چاپقۇنلۇق كۈن بولسۇن، ھەركۈنى ئۇنىڭغا بېلىق ئاپىرىپ بەردىم.

بۇ قاما بارا - بارا يوغىناپ، جاراھىتى ساقىيىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا كۆلچەكتە تۇرۇۋەردى. ئەمدى ھەر كۈنى بارسام، ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، بېلىقنى قولۇمدىن ئالىدىغان بولدى. بۇ كۆلچەك ئۇ سەكرەپلا دېڭىزغا كېتەلىگۈدەك كىچىك بولسىمۇ، ئۇ بۇ كۆلچەكتىن چىقمايدىغان، يا كۆلچەكتە ئۇخلايدىغان، يا مېنىڭ بېلىق ئېلىپ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولدى.

كىچىككىنە قاما ئەمدى بىلىكمچىلىك يوغىناپ تۆكلىرى ناھايىتى پارقىراپ، ئۇچلۇق ئۇزۇن بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىغا نۇرغۇن بۇرۇت پەيدا بولدى. ئەزەلدىن ئۇنىڭ كۆزىدەك بۇنداق يوغان كۆزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. كۆلچەكنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان

ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، مەيلى مەن نېمىلا قىلاي، كۆزى ماڭا ئەگىشەتتى، گەپ قىلغان ۋاقىتلىرىمدا، بۇ بىر جۈپ كۆز زوقۇمنى كەلتۈرۈپ مۆلدۈر - مۆلدۈر چۆرگىلەيتتى. لېكىن، بۇ مېنى گېلىمغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك ئازدۇر - كۆپتۈر ئازابلايتتى. ئەسلىدە قاملارمۇ ئازابلىنىش ۋە شادلىنىشنى ئۇقاركەن.

ئىلگىرى رانتۇنى «ئىت» دەپ چاقىرغاندەك، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنى «قاما» دەپ چاقىردىم. كېيىن ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇپ قويدۇم، بۇ ئىسىم مون - ئا - نى بولۇپ، مەنىسى يوغان كۆز بالا ئىدى.

ھەر كۈنى، بولۇپمۇ بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە بېلىق تۇتۇش بىر مۈشكۈل ۋەزىپە. بىر قېتىم بېلىقتىن ئاران ئىككىنى تۇتۇپ، كۆلچەككە تاشلاپ بەرسەم، مون - ئانى تېزلا يەپ بولۇپ، يەنە بىرىشىمنى تەمە قىلدى. ھەممىسى بولۇپ ئىككىلا بېلىق بارلىقىنى ئۇققاندا ماڭا ئاغرىنىش نەزەرىدە قارىغىنىچە سۇدا توختىماستىن پىرقىرىدى.

ئەتىسى دولقۇن بەك ئۆرلەپ كېتىپ، دولقۇن پەسەيگەندىمۇ خادا تاشقا چىقىپ بېلىق تۇتۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭغا يېگىلى بەرگۈدەك نەرسە بولمىغاچقا، كۆلچەككىمۇ بارمىدىم.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاندىن بېلىق تۇتالىدىم، كۆلچەكنىڭ يېنىغا بارسام، كۆلچەك قۇرۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى كېتىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، ئۇ راستىلا دېڭىزغا كەتكەندە، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن پەقەت خوشۇم قالمىغاندەك، ئۇنىڭغا ئىككىنچى بېلىق تۇتۇپ بەرمەسمەن دېگەن ھېسسىياتتا بولدۇم. ئۇنى دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدا يەنە كۆرۈپ قالسامۇ، تونۇيالمايتتىم، چۈنكى ئۇ ھازىر چوڭ بولۇپ، جاراھەتلىرىمۇ ساقىيىپ باشقا قاملار بىلەن ھېچقانداق پەرقى قالمىغانىدى.

ئالىيۇتلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىگىزلىككە كۆچۈپ چىقتىم.

قاشا بىرئاز بۇزۇلغانىكەن، قاشانى ئوڭشىۋەتسەم، ئۆي يەنە ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى. مېنى تەشۋىشكە سالغان بىردىنبىر ئىش يازدا يىغقان قۇلۇلىرىمدىن بىر تالمۇ قالمىغانىدى. ھەركۈنى نېمە تۇتسام شۇنى يېدىم، بېلىق تۇتقىلى بولمايدىغان كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېلىق تۇتقىلى بولىدىغان كۈنلىرى ئىمكانىقەدەر جىقراق بېلىق تۇتتۇم. ئالدىنقى يېرىم قىشتا يەنى مون - ئا - لىي كېتىشتىن ئىلگىرى، بەزىدە بېلىق تۇتۇش ناھايىتى مۇشكۇل بولغانىدى. كېيىن ئانچە قىيىن بولمىدى، راستتىنلا ئىككىمىزگە يېتەرلىك يېمەكلىك تېپىپ يېيىش نېسىپ بولدى.

ئالىيۇتلار ئارالدىكى ۋاقتىدا قوم دەلىمە بېلىقلىرىنى تۇتۇپ قۇرۇتۇۋېلىش مۇمكىن بولمىغاچقا، شۇ قىشتا كېچىلىرى چىراغ ياققىلى بولمىدى. شۇڭا بالدۇرلا ئۇخلاپ، كۈندۈزىلا ئىشلىدىم. ئەمما، بېلىق تۇتىدىغان نەيزەمگە تانا چىگىپ نۇرغۇن قۇلۇلە قېپىنى ئېسىۋالدىم. تۇتۇلۇك ماڭا ھەدىيە قىلغان مارجانغا ماسلاشتۇرۇپ ئازراق ھالقىمۇ ياسىۋالدىم.

بۇ ھالقىلارنى ياساشقا نۇرغۇن ۋاقتىم كەتتى، چۈنكى ئۇدا نەچچە ئەتىگەن دېڭىز دولقۇنى پەسەيگەندە دېڭىز ساھىلىدىن ئاسان ئويغىلى بولىدىغان ھەم بوينۇمدىكى مارجان تېشىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش رەڭدىكى شېغىل تاشنى ئاران تاپتىم. بۇ خىل تاشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەس بولغاچقا، ھالقىغا تۆشۈك ئېچىش ناھايىتى تەس كەلدى، لېكىن تۆشۈكنى ئېچىپ بولۇپ قوم سۈركەپ سۇدا يۇيۇپ، سۆڭەك ئىلغۇچ بىلەن ئېسىۋالغانىدىم، بۇلار ناھايىتى كۆركەم بولۇپ كەتتى.

ھاۋا ياخشى كۈنلىرى مارجان بىلەن ھالقىنى ئېسىپ، قارنا پەيلىك تىۋىتلىق نىمچىنى كىيىپ، راستتىنلا بىلەن قىيانىڭ ئۈستىدە سەيلە قىلاتتىم.

تۇتوكنى سېغىنغانىدىم، بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردە، داۋاملىق شىمال تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارايتتىم، ئۇنىڭ يەنە كېلىشىنى، كالدۇر - كۇلدۇر تىلدا ماڭا سۆزلىشىنى، مېنىڭمۇ يېڭى ئىشلارنى ئويلاپ تېپىپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# باھار پەسلىدىكى گۈزەل كۆك دېلفىن ئارىلى

رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، جىلغىدىن سۇ ئۆركەشلەپ ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلغان باھار پەسلى كەلدى، تۈرلۈك ئۇچار قۇشلارمۇ ئارالغا قايتىپ كەلدى.

تايلور بىلەن رۇلاي ئۆزلىرى تۇغۇلغان دەرەخنىڭ شېخىغا ئۇۋا سېلىپ، ئۇۋىنى قۇرۇق دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى، قۇرۇق شاخ، ھەتتا رانتونىڭ دۈمبىسىدىكى يۇڭنىمۇ ئىشلەتتى. ئۇلار ئۇۋا سېلىۋاتقاندا، داۋاملىق رانتو ھويلىدا دىققەت قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇچۇپ كېلىپلا تۇمشۇقى بىلەن يۇڭنى ئۈزۈپ قاچاتتى. ئەلۋەتتە رانتومۇ بۇنىڭغا يول قويمايتتى، كېيىن رانتو ئۇۋا پۈتكىچە ئۇلاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۈردى.

مىنىڭ رۇلايغا قىزلارنىڭ ئىسمىنى قويغىنىم توغرا بولغانىكەن، چۈنكى ئۇ ئالا - چىپار داغلىرى بار تۇخۇملاپ، جۈپتىنىڭ ياردىمىدە كۆرۈمسىز ئىككى چۈجە چىقاردى. بۇ بىر جۈپ چۈجە ئۇزاق ئۆتمەي چىرايلىق بولۇپ كەتتى. بۇ چۈجىلەرگە ئىسىم قويۇپ قاناتلىرىنى كېسىپ قويسام، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارمۇ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش ماڭا كۆنۈپ كەتتى.

يەنە ئۇۋىسىدىن دېڭىز بويىغا چۈشۈپ كەتكەن بىر چايكا

چۈجىسىنى تېپىۋالدىم. چايكىلار ئادەتتە تىك قىياغا ياكى تاشنىڭ كامارلىرىغا ئۇۋا سالاتتى، بۇنداق كامارلار بەك كىچىك بولاتتى. ھەمىشە چايكا چۈجىلىرىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ قىرىدا ئاران تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چۈشۈپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم. ئۇلار، ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

بۇ ئاق ئارىلاش سېرىق تۇمشۇق چايكا چۈجىسىنىڭ بىر پۇتىنىڭ سۇنغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يارىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، پۇتىنى ئىككى تال كىچىك تاياقچىنى قويۇپ، تېيۇلېنىنىڭ سىگىرى بىلەن تېڭىپ قويدۇم. ئۇ دەسلەپتە ماڭغۇسى كەلمىدى، كېيىنچە تېخى ئۇچۇرما بولمىغاچقا، ھويلىدا پۇتىنى سۆرەپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردى.

ئانا - بالا قۇشلار، يەنە قېشىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىغان رانتۇغا بۇ ئاق چايكا قوشۇلۇپ ھويلام بەئەينى شاد - خۇراملىق باغچىگە ئايلاندى. تۇتوكنى ئۇيلىمىسام بولاتتى، ئاچام ئۇلاپانى سېغىنمىغان بولسام ياخشى بولاتتى، ھازىر ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، ئۇنىڭ مەگزىدىكى بەلگىنىڭ سېھرىي كۈچى بارمۇ - يوق، بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ئەگەر راست سېھرىي كۈچى بولغان بولسىدى، ئۇ ھازىر كۆمۈك بىلەن توي قىلىپ نەچچە بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ كېلىپ بۇ باللىرىمنى كۆرگەن بولسىدى، مېنى چوقۇم مەسخىرە قىلغان بولاتتى، چۈنكى بۇ باللار مەن بۇرۇن ئىزچىل ئارزۇ قىلغان باللارغا قىلچە ئوخشىمايتتى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا يەنە قۇلۇلە تېرىشنى باشلىۋەتتىم. نۇرغۇن قۇلۇلە يىغىپ، ئۇلارنى ئېگىز يەرگە يېيىپ قۇرۇتتۇم. ئەگەر ئالبيۇتلار يەنە كەلسىمۇ، مەن يېتەرلىك ئوزۇق يىغىپ قويغاندىم.

بىر كۈنى خادا تاش قېشىدا قولۋاققا قۇلۇلە قاچىلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز يېنىمدىكى دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدىن قاملارنى

كـۆرۈپ قالـدىم. ئـۇلار قوغلاشـماق ئويناۋاتـاتتى، ئىلگـىرى ئارالـدا بـالىلار بـار ۋاقىتتـا، بىـشنى بىـز چاتقاللىقتـا ئويىنغانـدەك، ھىلـى دېڭـىز ئۆسـۈملۈكلىرى ئارىـسىدىن چىقىرىـپ، ھىلـى دېڭـىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىغا شۇڭغۇپ، تۇرۇپلا باشقا يەردە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مون - ئا - نىنى ئىزدىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىدى.

قولۋاقنى قۇلۇلىگە لىق توشتۇرۇپ، قىرغاققا ھەيدىدىم. بىر قاما كەينىمدىن يېقىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، قولۋاقنى توختاتسام لا ئۇ سۇغا شۇڭغۇپ، ئاندىن ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. ئاشۇنداق قىلغاچقا، ئۇنى مەندىن خېلى يىراقتا بولسىمۇ تونۇۋالدىم. ئۇنى باشقا قامىلاردىن پەرق ئېتىۋالىدىغىنىمنى زادى ئويلىمىغانىدىم، ئۇنىڭ مون - ئا - نى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندىم - دە، شۇنىڭ بىلەن يېڭىلا تۇتقان بېلىقنى قولۇمغا ئالدىم.

قاما ناھايىتى تېز ئۈزۈپ كېلىپ، كـۆزنى يۇمـۇپ ئـاچقۇچە قولۇمدىكى بېلىقنى ئېلىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىككى ئايغىچە كۆرمىدىم. بىر كـۈنى سەھەردە بېلىق تۇتۇۋاتسام، ئۇ يەنە دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە ئىككى قاما بالىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى كۈچۈكچىلىك كېلەتتى. ئـۇلار ناھايىتى ئاستا ئۈزگەچكە، مون - ئا - نى داۋاملىق ئـۇلارنى تېزرەك ئۈزۈشكە ئۈندەيتتى. يېڭى تۇغۇلغان قاما باللىرى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، ئانىسىغا ئېسىلىۋالاتتى. ئانىسى ئـۇلارنى تـاكى سـۇ ئۈزۈشـنى ئۆگىنىـپ بولغـۇچە پـالاقلىرى بىـلەن سۇغا ئىتتىرىپ چۆشۈرۈپ، ئۇلارنى چۆرگۈلەپ ئۈزەتتى.

مون - ئا - نى خادا تاشنىڭ يېنىغا كەلگەنـدە بېلىقتىن بىرنى تاشلاپ بەردىم. ئـۇ بۇرۇنقىـدەك بېلىقنى ئېلىپ قاچماي، ئەكسىچە بـالىلىرىنى قانـداق قىلىـدىكىن دەپ قـاراپ تـۇردى. قاما

باللىرى بىلىقتىن بەكرەك ماڭا قىزىقىپ قالغانىدى، تاكى بىلىق قىچىسىپ كىتەي دىگەندە، مون ـ ئا ـ نى بىرىپ ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۇنى چىشلەپ باللىرىغا تاشلاپ بەردى.

مون ـ ئا ـ نى يىسۇن دەپ بىلىقتىن يەنە بىرنى تاشلاپ بەردىم، لىكىن ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك تۇراتتى، باللىرى بىلىق تۇتۇپ يىيىشنى تىخى بىلمەيتتى، ئاخىر ئۇلار بۇ ئويۇندىنمۇ زىرىكتى بولغاي، ئانىسىنىڭ يىنىغا بىرىپ بۇرنىنى ئانىسىغا سۈركىگىلى تۇردى.

شۇ چاغدىلا مون ـ ئا ـ نىنىڭ ئۇلارنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قاملار جۈپتى بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتەتتى، ئەگەر ئانا قاما ئۆلۈپ كەتسە، ئاتا قاما باللىرىنى بىر ئامال قىلىپ چوڭ قىلاتتى. بايا مون ـ ئا ـ نىنى مۇشۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالغانىدىم.

بىشىمنى تۆۋەن قىلىپ خادا تاش ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇ كىچىك ئائىلىگە نەزەر سالدىم.

— مون ـ ئا ـ نى، — دىدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — ساڭا يىڭى ئىسىم قويدۇم، سىنى بۇندىن كىيىن «ۋان ـ ئا ـ نى» دەپ چاقىراي، بۇ ئىسىم ساڭا تىخىمۇ ماس كىلىدىكەن، چۈنكى بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى «يوغان كۆز قىز».

قاما باللىرى ناھايىتى تىز چوڭ بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي قولۇمدىن بىلىقنى ئىلىپ يىيىشنى ئۆگەندى. ۋان ـ ئا ـ نى بولسا قۇلۇلىگە تىخىمۇ ئامراق ئىدى. قۇلۇلىنى سۇغا تاشلىسام دىڭىز تىگىگە چۆككەندىن كىيىن، سۇغا شۇڭغۇپ قۇلۇلە بىلەن بىللە يەنە بىر تاش پارچىسىنىمۇ ئىلىپ چىقاتتى. ئارقىدىن قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ، قۇلۇلىنى مەيدىسىگە قويۇپ، تاكى قىپى ئىزىلگەنگە قەدەر تاش بىلەن توختىماي ئۇراتتى.

ئۇ باللىرىغىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆگىتەتتى. بەزىدە

ئەتىگەندىن چۈشكىچە خادا تاشتا ئولتۇرۇپ، ئۇ ئۈچىنىڭ قاتتىق قاپلىق قۇلۇلىنى مەيدىسىگە قويۇپ تاش بىلەن ئۇرغىنىنى تاماشا قىلاتتىم. باشقا قاملارمۇ قۇلۇلىنى مۇشۇنداق يېمىگەن بولسا، ۋان - ئا - نى مىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ قالاركەنمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇلۇلىنى مۇشۇنداق يەيتتى، ئۇلارنىڭ قۇلۇلىنى بۇنداق يېگىنىگە بەكمۇ ھەيران ئىدىم، بۇنىڭغا ھازىرمۇ ھەيرانمەن.

شۇ يىلى يازدا ۋان - ئا - نى ۋە ئۇنىڭ باللىرى بىلەن دوست بولۇپ قالغاندىن كېيىن، قاملارنى ئۆلتۈرمىدىم. ئۈچامدىكى قاما تېرىسىدىن تىكىۋالغان يېپىنچام كونىراپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتسىمۇ ئالماشتۇرۇپ باقمىدىم. قارنىلارنى بويىنى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بولسىمۇ، ئۆزئارا ئالاقىدە يېقىمسىز سايرىسىمۇ، چىرايلىق پەيلىرىنى دەپ ئۆلتۈرمىدىم. تىيۇلېنىمۇ سىگىرىنى ئالىمەن دەپ ئۆلتۈرمىدىم. ئەگەر بىر نەرسە باغلىماقچى بولسام، سىگىرنىڭ ئورنىغا دېڭىز ئۆسۈملۈكىنى ئىشلەتتىم. لالما ئىتلارنىمۇ ئۆلتۈرمىدىم، دېڭىز پىلىغا نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمايدىغان بولدى.

ئۇلاپيا مىنى چوقۇم مەسخىرە قىلىدۇ، باشقىلارمۇ، بولۇپمۇ دادام مىنى مەسخىرە قىلىدۇ. لېكىن، دوست بولۇپ قالغان بۇ ھايۋانلارغا نىسبەتەن، مەن يەنىلا مۇشۇ ھېسسىياتتا. مىنى ئۇلاپيا بىلەن دادام كېلىپ مەسخىرە قىلسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ مەسخىرە قىلسىمۇ، مەندە يەنىلا مۇشۇ خىل ھېسسىيات بار، چۈنكى مەيلى ھايۋان ياكى قۇشلار بولسۇن ئۇلارنىڭ تىلى، قىلىدىغان ئىشى ئوخشاشمىسىمۇ، ئۇلارمۇ بىز ئىنسانلارغا ئوخشاش. ئەگەر ئۇلار بولمايدىكەن، يەرشارى مەنىسىز، زېرىكىشلىك بولۇپ قالىدۇ.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## رانتۇ مەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى

ئالىيۇتلار كۆك دېلفىن ئارىلىغا ئىككىنچى كەلمىدى، بىراق ھەر يىلى يازدا ئۇلاردىن ھوشيار تۇردۇم. ئەتىياز پەسلى كېلىشى بىلەن قۇلۇلە يىغىپ قۇرۇتۇپ، قولۋاق بار غارنىڭ ئىچىگە ساقلاپ قويدۇم.

ئالىيۇتلار كەتكەندىن كېيىن، ئىككى قىشتا بىر نەيزە، بىر يا ۋە بىر خالتا ئوق ياسىدىم. بۇ نەرسىلەرنىمۇ ئىگىزلىكنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدۇم. بۇنداق بولغاندا، ئالىيۇتلار كەلسىمۇ، ئارالنىڭ يەنە بىر چېتىگە بېرىپ، بۇ غاردىن يەنە بىر غارغا يۆتكىۋېتەلەيتتىم، زۆرۈر تېپىلسا، قولۋاقتا ئاپىرىپمۇ قويالايتتىم.

ئالىيۇتلار كەتكەندىن كېيىن، قاملار بىرقانچە يازدا، مارجان قولتۇقىدىن كەتتى. ئالىيۇتلارنىڭ نەيزىسىدە ئۆلمىگەن قېرى قاملار ئەمدى ياز كۈنلىرى خەۋپ بارلىقىنى بىلىپ، قاملارنى باشلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇ يەردىن بەك يىراق ئىگىز خادا تاش بار دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى رايونىغا بېرىپ، شۇ يەردە قىشنىڭ تۇنجى بوران - چاپقۇنى كەلگۈچە تۇرىدىغان بولدى.

پات - پات رانتۇنى ئېلىپ دېڭىزغا چىقىپ، ئاشۇ خادا تاش بار يەرگە بېرىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، ۋان - ئا - نى ۋە يېڭى تونۇشقان قاملارغا بېلىق تۇتۇپ بېرىدىغان بولدۇم.

بىر يىلى يازدا قاملار كەتمىدى. شۇ يازدا رانتۇ ئۆلۈپ قالدى. شۇندىلا ئالىيۇتلار ئىسىدە قالغان قاملارنىڭ ئۆلۈپ بولغانلىقىنى بىلدىم. ئالىيۇتلار ئاسانلىقچە ئىسىمگە كەلمەيتتى، مىنى ئالغىلى قايتا كېلىمىز دەپ كەتكەنچە كەلمىگەن ئاق تەنلىكلەرمۇ ئاسانلىقچە ئىسىمگە كەلمەيتتى.

شۇ يازدىن ئىلگىرى، ئۇكام بىلەن ئارالدا قېپقالغاندىن بېرى، ئارالدا تۇرغان كۈنلىرىمنى ھېسابلاشنى زادى ئۇزۇپ قويمىغانىدىم. بىر ئاي ئۆتۈپ، بىر ئاي كەلسە، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تۈۋرۈككە بىر بەلگە سالاتتىم. تورۇستىن يەرگىچە نۇرغۇن بەلگە سالغانىدىم. شۇ يازدىن كېيىن، ھېچقانداق بەلگە سالمايدىغان بولدۇم. ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتكىنىنىڭ ئەمدى مەن ئۈچۈن ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغانىدى، پەقەت تۆت پەسىلنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلىنىلا سالاتتىم، بۇلتۇر شۇنىمۇ سالمىدىم.

رانتۇ يازنىڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ قالغان. ئەتىيازدىن بېرى نۇرغۇن كۈنلەردە، ھەر قېتىم خادا تاش قېشىغا بېلىق تۇتقىلى بارغان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىمىسام، بىللە بارغىلى ئۇنىمايتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدا ئايىتاپ سىنىشقا ئامراق بولغاچقا، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزۈم خادا تاش قېشىغا بارغان قېتىم سانىمۇ ئىلگىرىكىدەك كۆپ بولمىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، شۇ كۈنى كەچتە رانتۇ چىتلاقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مېنى چىقىرىۋەت دېگەندەك بەك قاۋاپ كەتتى. ئۇ دائىم ئاي تولغان ئاخشاملىرى مۇشۇنداق قىلاتتى، ئادەتتە ئەتىسى ئەتىگىنى كېلەتتى، لېكىن شۇ كۈنى كەچتە ئاي يوق ئىدى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇمۇ كەلمىدى.

توپتوغرا بىر كۈن ساقلىدىم، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاندىن چىقىپ ئۇنى ئىزدىدىم. ئۇنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ، شۇ ئىزنى بويلاپ بىرقانچە قۇم بارخانلىرى ۋە بىر ئىدىردىن ئۆتۈپ، ئۇ ئىلگىرى بىر

مەزگىل تۇرغان لالما ئىتلار ئۇۋىسىغا باردىم. ئۇنى شۇ يەردىن تاپتىم، ئۇ غاردا يالغۇز ياتاتتى. باشتا ئۇنى يارىلانغان چېغى دەپتىمەن، لېكىن ئۇنىڭ بەدىنىدە يارا ئىزى يوق ئىدى. ئۇ قولۇمنى يالىدى، بىراق بىرلا يالاپ جىممىدە يېتىپ قالدى، شۇنداق تېز نەپەس ئالاتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن، بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، رانتۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېتەلمەي شۇ يەردە قونۇپ قالدىم. كېچىچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ چىقتىم. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ غاردىن چىقتىم، ئۇ خۇددى گۆشلىرى بۇ دۇنيادىن ئاۋۋال ئايرىلغاندەك بەك يېنىك ئىدى.

مەن قىيادىن ئۆتكەنىدە كۈن چىقتى. چايكىلار بوشلۇقتا سايرىشىدى، ئۇ قۇلىقىنى تىك قىلىپ ئاڭلىدى، ئۇنى ئىلگىرىكىدەك چايكىلارغا قاراپ قاۋامدىكىن دەپ يەرگە قويدۇم، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ چايكىلاردىن كۆزىنى ئۈزمىدى - يۇ، ئۇنى چىقمىدى.

— رانتۇ، بۇرۇن چايكىلارغا قاراپ قاۋاشقا ئامراق ئىدىڭ، بەزىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇلارغا قاۋاپ هارمايتتىڭ، هازىر مەن ئۈچۈن ئۇلاغا بىر قاۋىغىنا، — دېدىم.

لېكىن، ئۇ ئەمدى ئۇلارغا قاريالماي، ئالدىمغا ئاستا كېلىپ ياتتى. قولۇمنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويدۇم. ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇۋاتاتتى، بىراق خۇددى دېڭىز ساھىلىدىكى دولقۇندەك، بەك ئۈنلۈك، بەك سۇس، شۇنداق ئاجىز، بەك ئاستا ئىككى قېتىملا سوقۇپ، كېيىن سوقۇشتىن توختاپ قالدى.

— رانتۇ! — يىغلاپ سالدىم.

— رانتۇ!

ئۇنى ئېگىزلىككە كۆمۈپ قويدۇم. تاشنىڭ ئارىلىقىدىن بىر يەرنى ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە توپتوغرا ئىككى كۈن كولىدىم.

رانتۇغا قۇملۇقتا ئېچىلىدىغان گۈللەرنى، يەنە رانتۇ ئامراق، تاشلىۋەتسەم رانتۇ ياندۇرۇپ كېلىدىغان بىر كالتەكنى قوشۇپ تاش كاۋىكىغا كۆمدۈم. ئاندىن دېڭىز بويىدىن ھەر خىل تاشلارنى يىغىپ كېلىپ تاش كاۋىكىنىڭ ئاغزىنى ئەتتىم.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# رانتۇ - ئارۇ

شۇ يىلى قىشتىن كېيىن، خادا تاش قېشىغا بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىم. ساقلاپ قويغان يېمەكلىكلەرنىلا يەپ، بۇلاققا سۇ ئالغىلى بارساملا ئۆيدىن ئايرىلدىم. شۇ قىش بوران بەك قاتتىق چىقتى، يامغۇرمۇ بەك قاتتىق ياغدى، دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاققا شىددەتلىك ئۇرۇلاتتى، شۇڭا رانتۇ بولغان ھالەتتىمۇ ئۆيدىن دائىم چىقمايتتىم. شۇ مەزگىلدە ئاچماق دەرەخ شېخىدىن تۆت قاپقان ياسىدىم.

يازدا بىر قېتىم دېڭىز يىلى بار يەرگە كېتىۋېتىپ رانتۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كىچىككىنە كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىر توپ لالما ئىتلارنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتاتتى. بىر قاراپلا ئۇنىڭ رانتۇنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلىدىم.

ئۇ باشقا ئىتلاردىن چوڭ، ئۇنىڭ تۈكىمۇ باشقا ئىتلارنىڭكىدىن قويۇق، كۆزى سېرىق، بوينىدىكى تاشلىغان قەدىمى رانتۇنىڭكىدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇنى ھازىر ياساۋاتقان قاپقان بىلەن ئەتىيازلىققا تۇتۇۋالماقچى بولدۇم.

رانتۇ ئۆلۈپ قالغاچقا، قىشتا لالما ئىتلار ئېگىزلىككە دائىم كېلەتتى. قاتتىق بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، چىتلاقنىڭ سىرتىغا قاپقان قۇرۇپ، بېلىقنى يەمچۈك قىلدىم. قاپقانغا تۇنجى

قىتىمدا سىرىق كۆزلۈك ئىت چۈشمەي، باشقا بىرنەچچە ئىت چۈشكەندى، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلغۇم كەلمەي قويۇپ بەردىم.

يەنە بىرنەچچە قاپقان ياساپ چىتلاقنىڭ سىرتىغا قۇرۇپ قويدۇم، لالما ئىتلار قاپقانغا يېقىنلاشتى ـ يۇ، قاپقاندىكى بىلىققا چېقىلمىدى. قاپقانغا لالما ئىتلار چۈشمەي، بىر قىزىل تۈلكە كۈچۈكى چۈشتى.

قىزىل تۈلكە كۈچۈكى قاپقاندىن چىقارغۇچە مېنى بىر چىشلىۋالغان بولسىمۇ، ياۋايىلىقى بىردەمدىلا تۈگەپ، ماڭا ئەگىشىپ ھويلىغا كىردى ـ دە، بېلىق بېرەمدىكىن دەپ ماڭا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ كەتتى. ئۇ تۈلكە بەك يامان ئوغرى ئىدى، مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا، بىر نەرسىلەرنى ھەرقانچە يوشۇرۇپ قويساممۇ ئوغرىلاپ يەيتتى. شۇڭا ئۇنى جىلغىغا ئاپىرىۋەتتىم، شۇنداق قىلسامۇ، دائىم كېچىلىرى كېلىپ چىتلاقنى تاتىلاپ يەيدىغان نەرسە تەلەپ قىلاتتى.

قاپقان قۇرۇپ كۈچۈكنى تۇتۇۋالالمىغاندىكىن، بۇ خىيالدىن كەچمەكچى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا، بىردىنلا تولۇ دېيىلىدىغان ياۋا ئوت ئېسىمگە كەلىپ قالدى، بىز بۇرۇن دائىم مۇشۇ ياۋا ئوت بىلەن دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ ھاسىل بولغان كۆلچەكلەردىن بېلىق تۇتاتتۇق. بۇ زەھەرلىك دورا ئەمەس، لېكىن ئۇنى سۇغا سالسىلا، بېلىقلار قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقاتتى.

بۇ ياۋا ئوتنىڭ ئارالنىڭ قىرغاقلىرىدا ئۆسىدىغانلىقى ئېسىمگە كېلىپ، ئازراق كولاپ ئەكېلىپ توغراپ ئۇششاقلاپ لالما ئىتلار سۇ ئىچىدىغان بۇلاققا تاشلاپ قويدۇم. توپتوغرا بىر كۈن كۈتتۇم، لالما ئىتلار بۇلاق قېشىغا كەچقۇرۇن كېلىپ قانغۇچە سۇ ئىچتى ـ يۇ، ھېچنېمە بولمىدى. چاتقاللىقتا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردۇم، ئۇلار بىر دەم ئۇ ياق ـ بۇ ياققا سەكرىشىپ ـ قوغلىشىپ، ئاندىن ئاستا

كېتىشتى.

كېيىن قەبىلىمىزدىكىلەردىن بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قولۇمدا قىلىچ بىلەن ياۋا تاماكا يوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان يەنە بىر خىل دورىنى ئىشلەتكىنى ئېسىمگە كەلدى. شۇنداق دورىدىن يوغان بىر قاچا ياساپ، سۇغا چىلىپ، بۇلاق سۈيىگە تۆكۈۋېتىپ، چاتقاللىقتا مۆكۈۋېلىپ ساقلىدىم. لالما ئىتلار گۇگۇم چۈشكەندە كېلىپ سۇنى پۇراپ بېقىپ كەينىگە يېنىپ، بىر - بىرىگە قاراشتى - يۇ، ئاخىر يەنىلا ئىچىشتى. ھايال ئۆتمەي ئۇلار پىرقىراشقا باشلىدى. تۇساتتىنلا ئۇلار سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ كېتىشتى.

بۇلاقنىڭ بېشىدا توققۇز ئىت ياتاتتى. ئىزدىگەن ئىتنى قاراڭغۇدا پەرق ئەتمەكلىكىم تەس بولدى - يۇ، يەنىلا ئۇنى ئىزدەۋاتاتتىم. ئۇ قارنى راسا تويغاندەك خورقىراپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنى قۇچاقلىغىنىمچە، قىيانى بويلاپ ئېگىزلىككە بارغۇچە ئويغىنىپ كېتەرمىكىن دەپ يول بويى دۈككىدە ئىچىدە شەپە چىقارماي تېز ماڭدىم.

ئۇنى چىتلاق ئاستىدىكى سۆڭگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر تال تاسما بىلەن چىتلاققا باغلاپ، يېنىغا ئازراق يېمەكلىك بىلەن سۇ قويۇپ قويدۇم. ھايال ئۆتمەي ئۇ ئويغىنىپ تاسمىنى چىشلەپ، جېنىنىڭ بارىچە قاۋىغىلى تۇردى. كەچلىك تاماق ئېتىۋاتسام ھويلىدا ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا يۈگۈرۈپ، كېچىچە قاۋاپ چىقتى، بىراق تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆيدىن چىقسام ئۇخلاۋاتاتتى.

ئۇ چىتلاق تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلاۋاتقاندا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىسىم ئويلاپ، بىر - بىرلەپ ئۈزۈمگە دەپ ئاڭلاپ باقتىم، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئاتىسىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا رانتۇنىڭ ئوغلى دېگەن مەنىدە رانتۇ - ئارۇ دەپ ئىسىم قويدۇم.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ماڭا كۆنۈپ كەتتى. ئۇ رانتۇدەك يوغان

بولمىسىمۇ، تۈكلىرى رانتۇنىڭكىدەك قويۇق، كۆزلىرىمۇ سېرىق ئىدى. قۇملۇقتا چايكىلارنى قوغلىغاندا ياكى خادا تاش بېشىدا دېڭىز پىلىغا قاراپ قاۋىغاندا، ھەممىشە ئۇنىڭ رانتۇ ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم.

بىز شۇ يىلى يازنى دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقىپ، قولۋاق بىلەن خادا تاش بېشىغا بېرىپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. بىراق، ئەمدى تۇتۇك بىلەن ئاچام ئۇلاپانى بارغانسېرى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ھەممىشە ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بەزىدە شامالدىن، دېڭىزغا چىققاندا، يېنىك ئۇرۇلغان قولۋاق ئاۋازىدىن ئاڭلىغاندەك بولاتتىم.



# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## دېڭىز تاشقىنى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى

قىشنىڭ بوران - چاپقۇنى تۈگىگەندىن كېيىن، خېلى كۆڭۈلسىز زىرىكىشلىك كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، خېلى كۆنۈلەرگىچە ئازراقمۇ شامال چىقماي، ھاۋا ئادەم دېمىنى ئالالمىغۇدەك تىنچىق بولدى. ئوتتەك ئاپتاپتا دېڭىز خۇددى قۇياشقا ئوخشاش قارىغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى.

مۇشۇنداق كىلىماتلىق كۈنلەرنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، غاردىن قولۋاقنى ئاچىقىپ، ھەيدىگەن پېتى خادا تاش بېشىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قۇم ئازگالغا كەلدىم. راستىمۇ - ئارزۇنى ئېلىۋالمىغاندىم، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۇ ئاپتاپتىن قېچىپ سالقىن يەرلەرگە كىرىۋالىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بىللە كەلمىگىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن، ئۇ كۈنى ھاۋا ئەڭ ئىسسىق بولۇپ، دېڭىز قىپقىزىل پارقىرايتتى. سىرتىنى كۆرگىلى بولىدىغان نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر ئېچىلغان، ياغاچتا ياسالغان كۆزلۈكنى تاقىۋالغانىدىم. ئاسماندا چايكىلار يوق ئىدى، قامىلار دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدە يېتىشاتتى، قىسقۇچپاقىلارمۇ چوڭقۇر تۆشۈكلەرگە كىرىۋالغانىدى.

قولۋاقنى ساھىلغا سۆرەپ چىقتىم. ساھىل بەك نەم بولۇپ، قۇياشنىڭ نۇرىدا ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. قولۋاقنى ھەر يىلى باش باھاردا قۇم ئازگالغا ئاپىرىپ، يېرىلغان يەرلىرىنى يېڭى موم بىلەن يامايتتىم. تۇرۇپ - تۇرۇپ دېڭىزغا تاشلىنىپ سالقىنداپ، توپتوغرا

يېرىم كۈن ھەپىلەشتىم، كۈن تىكلەشكەندە قولۋاقنى دۈم قىلىپ، ئۈنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ سالقىندا ئۇخلىدىم.

ئانچە ئۇزاق ئۇخلىماي تۇرۇپ، تۇساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، لېكىن قولۋاقنىڭ تېگىدىن بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام، ئاسماندا بۇلۇت دىدارى كۆرۈنمەيتتى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئۈزۈلمەيتتى. بۇ ئاۋاز يىراقتىن ، جەنۇب تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى، زەن سالسام، ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى.

چۇراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئاۋۋال قۇم ئازگالنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭدە چاقنىغان نۇر كۆزۈمگە چېلىقتى. ئارالدا تۇرغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دېڭىز سۈيىنىڭ بۇنداق تۆۋەنلىگىنىنى كۆرمىگەنىدىم. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈن نۇرىدا دېڭىز ئاستىدىكى مەن بىلمەيدىغان چوڭ - كىچىك خادا تاشلار سۇ ئۈستىگە چىقىپ قالغانىدى. بۇ گويا باشقا بىر يەردەك كۆرۈندى، بىر ئۇخلاپ ئويغانسام، باشقا ئارالغا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم.

ئەتراپتىكى ھاۋا تۇيۇقسىز مېنى مەھكەم ئورىۋالدى. خۇددى بەزى يوغان يىرتقۇچ ھايۋانلار چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن قورسىقىغا ھاۋانى سۈمۈرۈۋاتقاندەك ئاجىز بىر ئاۋاز چەكسىز ئاسماندا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پەيدا قىلىپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ، قۇلىقىمغا لىق توشتى. ئارقىدىن دېڭىز ساھىلىدىكى بىر پارچە نۇر بىلەن تاپتاقىر بولۇپ كەتكەن چوڭ - كىچىك خادا تاشلارنىڭ سىرتىدا — ئۇلاردىن بىر مىل يىراقتىكى يەردە ناھايىتى زور بىر رەت ئاق تاشقىن ئارالغا قاراپ شىددەت بىلەن كەلدى.

بۇ تاشقىن ئاسمان بىلەن دېڭىزنىڭ ئارىلىقىدا يۆتكىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇ دېڭىزنىڭ ئۆزى ئىدى. تاقىۋالغان كۆزلۈكنى ئېلىۋېتىپ، ھودۇققىنىمچە قۇم ئازگالغا يۈگۈردۈم. يىقىلىپ كەتتىم، ئۆمىلەپ - قوپۇپ يەنە يۈگۈردۈم. تۇنجى

دولقۇن ئۆرۈلۈپ كەلدى، پۈتۈمنىڭ ئاستىدىكى قۇم تىترەۋاتاتتى. چاچرىغان دىڭىز سۈيى ئەتراپىمغا يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتاتتى. چاچرىغان دىڭىز سۈيىدە ساپلا دىڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئۇششاق بېلىقلار بار ئىدى.

ئەگرى - توقاي قۇم ئازگالنى بويلاپ غارغا بېرىپ، چاسا تاغقا تۇتىشىدىغان چىغىر يولغا چىقىۋالسام بولاتتى، لېكىن ئەمدى ئۈلگۈرۈپ بولالمايتتىم، سۇ تىزىمغا كەلگەن بولۇپ، ئەتراپىمدىكى سۇ مېنى تارتىپ تۇراتتى. قىيا ئالدىمدا پەيدا بولدى، تاش يۈزى بەك سىيىلىق، مۇخلار قاپلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېسىلغۇدەك، دەسسىگۈدەك يەر تېپىپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۇقىرىغا ياماشتىم.

دولقۇن مومىسى نەرە تارتقىنىچە ئاستىمدىن ئۆتۈپ مارجان قولتۇقى تەرەپكە كەتتى.

ئاۋاز بىر مەھەل بېسىقتى. شۇنىڭ بىلەن دىڭىز ئۆز ئورنىنى تېپىشقا باشلىدى، بۇژغۇن ھاسىل بولغان ئۇزۇن - ئۇزۇن سۇ ئېقىمى تېزلا ياندى. بۇ دولقۇن يېنىپ بولغۇچە، بەلكىم تېخىمۇ زور بىر دولقۇن جەنۇب تەرەپتىن كەلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئۈستۈم تېخىمۇ تىك يار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ياماشقا ئامال قىلالمىدىم.

تارغىنە تاشنىڭ قىرىغا دەسسەپ، بىر قولۇمنى تاشنىڭ قىسىلچىقىغا تىقىپ، يۈزۈمنى قىياغا چاپلاپ تۇرۇۋالدىم. بېشىمنى بۇراپ مۈرەمدىن قارىسام دولقۇن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، يەنە بىر دولقۇن يېنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ سۈرئىتى تېز ئەمەس ئىدى. ئىككى دولقۇن قۇم ئازگال سىرتىدا بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاچقا، دەسلەپتە ئۇنى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپتىمەن، تۇنجى دولقۇن ئۇدۇل دىڭىزغا ئېقىپ، ئىككىنچى دولقۇن قىرغاققا جان - جەھل بىلەن ئۇرۇلدى.

ئۇلار خۇددى گىگانت ئادەمدەك سوقۇلۇپ، بوشلۇقتا ئېگىز سۇ تۈۋرۈكى ھاسىل قىلىپ، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا تولغىنىپ، گويا جەڭدە نۇرغۇن نەيزە سۇنغاندەك ئاۋاز چىقاردى. قىزىل كۈن نۇرىدا، ئىككى دولقۇندىن چاچرىغان بۇژغۇن تۆكۈلۈۋاتقان قانغا ئوخشاپ كەتتى.

ئىككىنچى دولقۇن تۇنجى دولقۇنغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا يېنىپ، ئارقىدىن ئۈنى ئاستا ـ ئاستا بېسىپ كەتتى ـ دە، ئاندىن بويسۇندۇرۇلغان دولقۇننى سۆرىگىنىچە غالىبانە ئارالغا ئۇرۇلدى.

ئۇلار قىياغا شىددەتلىك ئۇرۇلۇپ، ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، يېنىمدىن شىددەت بىلەن ئېقىپ ئۆتكەچكە، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم ھەم ئاڭلىيالمىدىم. قىيادىكى ھەممە يېرىقلارغا سۇ كىرىپ، قولۇمنى ۋە تاشنىڭ قىرىنى دەسسەپ تۇرغان پۇتۇمنى تارتاتتى. ئۇلار تاشنىڭ يۈزىنى بويلاپ ئۆرلىدى، بارغانسېرى ئۆرلەپ ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ماغدۇرى قالمىغاندەك بىراقلا چۈشۈپ شارقىرىغىنىچە قېشىمدىن ئۆتۈپ، غارغا ئۇرۇلغان سۇ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئەتراپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. جىمجىتلىقتا يۈرىكىمنىڭ سوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم، شۇندىلا قىيا تاشنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانـ ـلىقىمنى، تېخى ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلدىم.

قاراڭغۇ چۈشەي دېدى. قىيادىن ئايرىلىشتىن قورقسام،ۇ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇ يەردە تۇرسام بولمايدىغانلىقىنى، ئۇخلاپ قالسام چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئۆيۈمگە قايتىدىغان يولىمۇ تاپالمايتتىم، تاش گىرۋىكىدىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ، قىيانىڭ تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرمىسام بولمايتتى.

سەھەر ۋاقتى بولدى، شامال يوق، ھاۋا تىنچىق ئىدى. قۇم ئازگاللىغا دېڭىز ئوت ـ چۆپلىرى يىغىلىپ، كىچىك تاغ ھاسىل

قىلغان، ھەممە يەر ئۆلۈك بېلىق، ئۆلۈك راك، ئۆلۈك قىسقۇچپاقا بولۇپ كەتكەن، ئىككى ئاكۇلا بالىسى دېڭىز قولتۇقىدىكى تاشقا چىقىپ قالغانىدى. تاكى تاغقا تۇتىشىدىغان چىغىر يولغا كەلگۈچە يول بويى دېڭىزدىن چىقىپ قالغان نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

رانتو ـ ئارۇ چىتلاقنىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاۋاتقانىكەن. چىتلاقنىڭ تېگىدىن ئۆمىلەپ كىرىشىم بىلەن ئۇ ماڭا سەكرىدى. ئۇ قاياققا ماڭسام شۇ ياققا كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىنىمدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم، دولقۇن بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. بىر كېچە ـ كۈندۈز بۇ يەردە بولمىغىنىم، ھېلىقى قولۋاق بىلەن سەپەر قىلغىنىمدىكىدەك، خۇددى نۇرغۇن كۈن بۇ يەردە بولمىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. يېرىم كۈندەك ئۇخلاپ، بىرمۇنچە چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ۋاقتىمدا، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە باشقىچە تۇيۇلۇپ كەتتى. دېڭىز قىرغاقتا ھېچقانداق شەپە پەيدا قىلمىغان، چايكىلارمۇ تىنچلىنىپ كەتكەنىدى. زېمىن گويا نەپەستىن توختاپ، قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈگۈم چۈشكەندە، مورەمگە بۇلاقتىن بىر تۇلۇم سۇ ئېلىپ، رانتو ـ ئارۇغا ئەگىشىپ قىيانى بويلاپ قايتىپ كەلدىم. دېڭىز ـ ئوكياننىڭ ھەممە يېرى تىنچ، رەڭگى سەل سېرىق ئىدى. كەينىدىكى ئارالمۇ خۇددى ھاردۇق يەتكەندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. چايكىلار قىيا تاشلاردىكى ئۇۋىلىرىدا تىنچ ياتقانىدى.

زېمىن ئاستا ـ ئاستا مىدىرلاشقا باشلىدى. ئۇ پۇتۇمنىڭ ئاستىدىن ئاجرىدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە، بوشلۇقتا تۇرۇپ قالغاندەك بولدۇم. تۇلۇمدىكى سۇ تۆكۈلۈپ يۈزۈمنى بويلاپ ئاقتى. ئارقىدىن تۇلۇم دۇم بولۇپ قالدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي، ماڭا يەنە بىر قېتىم دولقۇن ئۇرۇلغان ئوخشايدۇ دەپ ئالدىمغا پەرتاقشىپ قاچتىم. بىراق ئۇ بىر دولقۇن، يەر دولقۇنى

ئىدى. ئۇ پۈتۈمنىڭ تېگىدىكى قىيادا دولقۇنلاۋاتاتتى.

ئالدىمغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، يەنە بىر يەر دولقۇنى ماڭا يېتىشىۋالدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، نۇرغۇن يەر دولقۇنى خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك جەنۇب تەرەپتىن كېلىۋاتقانىكەن، كېيىنكى ئىشلاردىن يەردە ياتقىنىملا ئېسىمدە قاپتۇ. رانتۇ - ئارۇ يېنىمدا ياتاتتى، ھەر ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا تىرمىشىۋاتاتتۇق، ئاندىن ئېگىزلىككە — ئۆيىمىزگە قاراپ يۈگۈردۇق. شۇ چاغدا ئۆيىمىز بەك يىراققا سۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن.

چىتلاقنىڭ تېگىدىكى ئېغىز ئېتىلىپ قالغانىكەن. نۇرغۇن تاشلارنى ئېلىۋەتسەم، ئاندىن ئۆملەپ ئۆتكىلى بولاتتى. قاراڭغۇ چۈشتى. زېمىن گويا ناھايىتى زور مەخلۇق نەپەس ئېلىۋاتقاندەك، يەنىلا دولقۇنلاپ تۇراتتى. تاغ جىنسلىرىنىڭ قىيادىن دېڭىزغا دومىلاپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۆيدە بىر كېچە ياتتۇق. زېمىنمۇ بىر كېچە تەۋرەپ، تاغ جىنسلىرىمۇ بىر كېچە دېڭىزغا چۈشۈپ تۇردى، بىراق ئېگىزلىكتىكى يوغان تاش دېڭىزغا چۈشمىدى، ئەگەر دۇنيانى تەۋرەتكەن ئادەم راستتىنلا بىزدىن خاپا بولغان بولسا، يوغان تاشمۇ چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئەتىگەندە، زېمىن يەنە بىر قېتىم تىنچلىنىپ قالدى، شامال دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ پۇرىقى بار يېڭى ھاۋانى ئېلىپ شىمال تەرەپتىكى دېڭىزدىن كېلىۋاتاتتى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ئارالدىن ئايرىلىش ئالدىدا

ئانچە زور بوزغۇنچىلىق يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارمىدى، ھەتتا بىرنەچچە كۈن ئۇزۇلۇپ قالغان بۇلاق سۈيىمۇ قايتا چىقتى، يەنە كېلىپ مىقدارى ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ بولمىغانىدى، بىراق غايەت زور دولقۇن غاردا ساقلاۋاتقان يېمەكلىكلىرىم بىلەن قورال - ياراغلىرىمنى ئېقىتىپ كەتكەن، رېمونت قىلىۋاتقان قولۋاق بىلەن جەنۇبتىكى قىيا ئاستىغا تىقىپ قويغان قولۋاقنىمۇ ئەكەتكەنىدى.

قولۋاقنى ئېقىتىپ كەتكىنى بەك يامان بولدى. يېڭىدىن قولۋاق ياساش ئۈچۈن كېتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللارنى تەق قىلىش ئۈچۈن ئەتىياز ۋە پۈتۈن بىر ياز ۋاقىت كېتەتتى، شۇڭا ھاۋا ئوچۇق بولغان كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردىلا دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويغان قولۋاقنىڭ پارچە - پۇرات شاللىرىنى ئىزدەپ چىقتىم.

جەنۇب تەرەپتىكى قىيا ئارىلىقىدىن بىر قولۋاقنىڭ قالدۇقىنى تاپتىم. ئۇ قۇمنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، ئۇنىڭغا دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى يۆگىشىۋالغانىدى. ئۇنى توپتوغرا يېرىم كۈن سەرپ قىلىپ كولاپ چىقىرىپ، پاكىز تازىلىدىم. كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم. تىۋۇلېنىنىڭ سىگىرنى كېسىۋېتىپ،

شـاللارنى بـىـر قېتىمـدا ئىككىـدىن يـۇدۇپ، قـۇم دۆۋىلىرىـدىن ئۆتكەندىن كېيىن مارجان قولتۇقىغا ئاپىرىپ، قىيا ئۇستىگە ئېلىپ چىقسام بـولاتتى. بۇنىڭغـا بىـرنەچچە كـۈن كېتەتتـى. ئۇنـداق قىلماي، تـاش ئۇسـتىدىلا ياسىسام خەتەر ئىـدى، يەنى قولـۋاقنى ياساپ بولغۇچە يەنە بوران - چاپقۇن چىقىـپ ئۇچـۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئـاخىر ئىككىـلا ئۇسـۇلنى قوللانمـاي، دېڭىـز تىنچلانغـانىراق كـۈننى تـاللاپ، قولـۋاق قالـدۇقىنى سـۇدا لەيلىتىـپ كەينىـدىن ئىتتىرىپ قۇم ئازگالدىن ئۆتكۈزۈپ دېڭىز قولتۇقىغا ئەكىرىـپ، شۇ يەردە شاللىرىنى پارچىلاپ چىقىر يولغا ئاچىقىپ، دېڭىز دولقۇنى يېتىپ كېلەلمەيدىغان جايغا ئاپاردىم.

يەنە بىر قولۋاقنىڭ قالدۇقىنى تـاپتىم، ئۇنى دېڭـىز دولقۇنى غارنىـڭ ئىچىـگە كىرگـۈزۈۋەتكەن بولغاچقـا، ئېلىـپ چىقالمـاي، جەنـۇب تەرەپتىكـى قىيانىـڭ تـۈۋىگە يېنىـپ كېلىـپ، دېڭىـز ئۆسـۈملۈكلىرىنىڭ ئارىـسىدىن يەتكـۈدەك ياغـاچ تېپىـپ تەقـلەپ قويغان شاللارغا قوشۇپ، يېڭى قولۋاق ياساشقا كىرىشىپ كەتتىم.

ئـۇ باھارنىـڭ ئـاخىرى ئىـدى، ھـاۋا تېخـى تۇراقلاشـمىغان، كۈنبويى سـىم - سـىم يـامغۇر يېغىـپ تـۇراتتى، ھەرھالـدا يېڭـى قولۋاق ياساش ئىشىمنى باشلىۋالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن قۇلۇلە يىغمىـسام بولمـايتتى. يۇقىرىـدا ئېيتقىنىمـدەك، ئـالىيۇتلارنى ئويلىمايدىغان بولـۇپ قالغانـدىم، لـېكىن بارمـاقچى بولغـان يەرگە ھەيدەپ بارىدىغان قولۋاق بولمىغاچقا، ھەمىشە خەۋپسىرەيتتىم.

شاللار چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش، بىلىكىمـدەك ئۇزۇنلۇقتـا ئىـدى، لـېكىن ئوخـشمىغان قولـۋاقتىن چۈۋۈلگـان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇراشتۇرۇش بەك تەس ئىدى، بىـراق ئۇستىدە تەييار تۆشۈكلەر بولغاچقا ئانچە ئاۋارە بولمايتتىم. يەنە بىر ئىش ماڭا زور ياردەم بەردى، يەنى دېڭىز قاپقارا موملارنى قىرغاققا

سۇرۇپ چىقىرىپ قويغانىدى، بۇ نەرسە ئارالدا تېپىش تولىمۇ مۇشكۇل، يەنە كېلىپ هازىر ماڭا بەك لازىم نەرسە ئىدى

شاللارنى تورگە ئايرىپ، بىرەر قۇر رېمونت قىلغاندىن كېيىن ئىشىم تېز يۇرۇشكەچكە، باهارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يېرىقلارنى ئېتىش ئىشىمنى تۈگىتىشكە تەييارلىق قىلىپ بولدۇم. ئۇ شامال چىققان بىر ئەتىگەنىدى. ئوت قالاپ مومنى ئېرىتمەكچى بولدۇم. شامال بەك سوغۇق ئىدى، ئوتنى ناهايىتى تەستە تۇتاشتۇردۇم. ئوتنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن، دېڭىز بويىغا قۇرۇق ئوت - چۆپ تەرگىلى باردىم.

لىق بىر قۇچاق دېڭىز ئوت - چۆپىنى قۇچاقلاپ كەينىمگە ياناي دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ، شامالدىن قاتتىق بوران - چاپقۇننىڭ هازىرلا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى سەزدىم. شىمال تەرەپ ئۈچۈق، لېكىن شەرق تەرەپتە بۇلۇت يىغىلىپ، قاتمۇقات بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ پەسىلدە، بوران - چاپقۇن بەزىدە شەرق تەرەپتىن كېلەتتى.

مۇشۇ چاغدا، بۇلۇتلار تاشلىغان سايىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئوت - چۆپنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىمنى ئۇنتۇپ، ئىككى قولۇمنى كۆتۈردۈم، ئوت - چۆپلەر يەرگە چېچىلىپ كەتتى.

ئۇپۇق بىلەن دېڭىز قىرغىقى ئارىلىقىدا بىر يەلكەن — بىر كېمە كۆرۈندى.

مەن ئېگىزلىككە چىققاندا كېمە قىرغاققا تېخىمۇ يېقىنلاپ، قاتتىق شامالنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن بەك تېز كېلىۋاتاتتى. كېمىنىڭ ئالىيۇتلارنىڭكىدەك قىزىل تۇمشۇقى يوقلۇقىنى كۆرەلەيتتىم، بىراق ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېمىسى ئېنىق ئىسىمدە.

بۇ كېمە كۆك دېلفىن ئارىلىغا نېمىشقا كەلگەندۇ؟

ئېگىزلىكتە دۇم يېتىۋالدىم، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇۋاتاتتى، كېمىدىكى ئادەملەر قاما ئوۋلىغىلى كەلگەنلەرمۇ، ئەمەس بىلمەيتتىم. ئەگەر ئۇلار ئوۋچىلار بولسا، ئۇلار كۆرۈپ قالغۇچە يوشۇرۇنۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى، ئۇلار تېزلا مەن ياققان ئوت بىلەن ياساۋاتقان قولۋاقنى بايقاپ قالاتتى، بىراق غارغا كىرىۋالسام، ئۇلاردىن تېنچ ـ ئامان قۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇلارنى قېرىنداشلىرىم مېنى ئېلىپ كەتكىلى ئەۋەتكەن بولسا، يوشۇرۇنۇۋېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

كېمە خادا تاشلارنىڭ ئارىلىقىدا ئاستا ـ ئاستا سىلجىپ، مارجان قولتۇقىغا كىردى. كېمىدىكى ئادەملەرنى ئېنىق كۆرەلىدىم، ئۇلار ئالىيۇتلار ئەمەس ئىدى.

ئۇلار كېمىدىن بىر قولۋاقنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئىككى ئەر قىرغاققا ھەيدەپ كەلدى. شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، بۇ ئىككى ئادەم ناھايىتى كۈچەپ ئاندىن قىرغاققا يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ بىرى قېيىقتا قالدى، يەنە بىر ساقىلى يوق ئادەم سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ساھىلنى ياقىلاپ چىغىر يولغا ماڭدى.

ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويدۇم، ئەمما ھايال ئۆتمەي چاقىرغان ئاۋازنى، ئارقىدىنلا يەنە چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەن قالىغان ئوت بىلەن قولۋاقنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇم. دېڭىز قولتۇقىدا قالغان ئادەملەر ھە دېمىدى، قولۋاقتا قالغان ئادەممۇ ھە دېمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مېنى چاقىرغانلىقىنى جەزم قىلدىم.

ئېگىزلىكتىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ، ئۆيۈمگە كەلدىم. مۇرەم يالىڭاچ بولغاچقا، قامىنىڭ تېرىسىنى ئارتىۋالدىم. قارنا كۆڭلىكىم بىلەن ھالقا، مارجان سىلىپ قويغان قۇلۇلە قېپىنى ئالدىم. ئاندىن راستتۇ ـ ئارۇ بىلەن مارجان ئارىلىغا بارىدىغان چىغىر يولغا چۈشتۈم.

ئەجدادلار ياز كۈنلىرى چېدىر تىكىپ ئورۇنلىشىدىغان تاش دۆۋىسى بار يەرگە كەلدىم. ئۇلارنى ئەسلىدىم. ئېگىزلىكتىكى ئۆيۈمدە ئۆتكۈزگەن خۇشال - خۇرام كۈنلىرىمنى، تېخى پۈتكۈزۈپ بولالماي چىغىر يول بويىغا تاشلاپ قويغان قولۋاقنى ئەسلىدىم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم، بىراق قېرىنداشلىرىم بار يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى، كۈلكىلىرىنى ئاڭلاش ئىستىكىم ئەڭ كۈچلۈك ئىدى.

تاش دۆۋىسى بار يەردىن ئايرىلدىم. ئۇ يەردىكى ئاق قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئوت - چۆپلەر ئۈنۈپ چىققانىدى. ئۇ ئادەمنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىيالماي يۈگۈردۈم. ئىككى چىغىر يول ئېغىزىغا، يەنى مەن ئوت ياققان يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆردۈم.

ئاياغ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ دېڭىز قولتۇقىغا كەلدىم. قولۋاق كېمىگە چىقىرىلىپ بولغانىدى. بۇ چاغدا شامال ئۇشقىرتىپ، تۇمان قولتۇققا سۈرۈلۈپ، دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا ئۇرۇلۇۋاتاتتى. قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدىم. ئارقا - ئارقىدىن ۋارقىرىدىم، ئەمما شامال ئاۋازىمنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. دېڭىز ساھىلىدىن سۇغا يۈگۈرۈپ كىردىم، ئۇلار مېنى كۆرمىدى.

يامغۇر يېغىپ، شامال يامغۇرنى يۈزۈمگە ئۇرۇۋاتاتتى. قولۇمنى توختىماي پۇلاڭلاتقىنىمچە دولقۇنلارنى يېرىپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم، كېمە تۇمان ئىچىدە قوزغىلىپ، ئاستا - ئاستا جەنۇبقا يۈرۈپ كەتتى، جايىمدا كېمە غايىب بولغۇچە تۇردۇم.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## غېرىبلىق تۇرمۇش ئاياغلاشتى

يەنە باھار ئۆتتى. كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ، شامال چىقمىغان بىر كۈنى ئەتىگەندە كېمە يەنە كەلدى. سەھەردىلا ئېگىزلىكتىن ئۇنى يىراق ئۇپۇق سىزىقىدا كۆردۈم. كۈن تىكلەشكەندە، ئۇ مارجان ئارالغا كېلىپ توختىغانىدى.

ئەرلەر قىرغاققا چىقىپ قارارگاھ قۇرۇپ ئوت قالىدى. تا كۈن تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇچە، ئېگىزلىكتىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردۇم، ئاندىن ئۆيۈمگە يېنىپ كەلدىم. ھېلىقى چاقىرغان ئەرنى ئويلاپ، كېچىچە كۆز يۇممىدۇم.

كېمە كېتىپ قالغان ئالدىنقى ئاخشام قاتتىق قارا يامغۇر ياغقانىدى، خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئويلىغانىدىم. ئىككى يىلدىن بېرى، مەيلى ئەتىياز ياكى يازدا بولسۇن، ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە بىر قېتىم، گۇگۇم چۈشكەندە بىر قېتىم ئېگىزلىكتە تۇرۇپ كۆزىتىپ كەلگەنىدىم.

ئەتىگەندە ئۇلار قالغان ئوتنىڭ ئىسى پۇراپ، جىلغىغا چۈشۈپ بۇلاق سۈيى بار يەردە يۇيۇنۇپ، قاما يېپىنچامنى ئارتىپ، قارنا كۆڭلىكىمنى كىيىپ، قارا تاشتىن ياسالغان مارجان بىلەن ئۇزۇككۈمنى تاقاپ، كۆك لايدا بۇرنۇمغا قەبىلىمىزنىڭ بەلگىسىنى قىلدىم.

ئارقىدىن ئۆزۈمنىڭمۇ كۆلكىسى كەلگۈدەك بىر ئىشنى — ئۇلاپلا ئاچام كۆك دېلفىن ئارىلىدىن كېتىدىغان چاغدا قىلغان ئىشنى قىلدىم. قەبىلىمىزنىڭ بەلگىسى ئاستىغا، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تېخى توي قىلمىغانلىقىمنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە سالدىم. ھازىر كىچىك قىز بالا بولمىسام، يەنىلا كۆك لاينىڭ ئۈستىگە ئاق لاي بىلەن بىرنەچچە چېكىت ئۇرۇپ قويدۇم.

ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئوت يېقىپ، ئۆزۈم بىلەن رانتۇ ـ ئارۇغا تاماق ئەتتىم. قورسىقىم ئاچقاندەك قىلمىدى، ئۇ مېنىڭ تامىقىمنىمۇ، ئۆزىنىڭكىنىمۇ يېدى.

— بىز كېتىدىغان بولدۇق، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئارىلىمىزدىن كېتىمىز.

لېكىن ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش بېشىنى بىر ياققا قىڭغايتىپ، يەنە گەپ قىلمىسام، ئاپتاپقا بېرىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئاق تەنلىكلەر كەلگەنىكەن، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ چىراي ـ تۇرقىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئويلىشىمنىڭمۇ، ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن قانداق يۈز كۆرۈشۈشنى ئويلىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۆتمۈشنى ئويلىشىمنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. قانچىلىغان يىللارنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى، بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. ھەممىسى ئوخشاش، ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، خالاس.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا شۇنداق ئوچۇق، شامال دېڭىزنىڭ ۋە دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ پۇرىقىنى ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. يىراق جەنۇب تەرەپتىكى بارخانغا بىرقانچە ئەر كەلدى. ئۇلارنى بالدۇرلا كۆرگەنىدىم، ئۇلار خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېگىزلىكتىكى ئۆينى كۆردى. ئۇلار ئۈچ ئادەم بولۇپ، ئىككىسى ئېگىز، بىرى پاكار،

پاكىرىنىڭ ئۈچىسىدا كۆل رەڭ پەلتو بار ئىدى. ئۇلار بارخانىدىن ئايرىلىپ يانى بويلاپ كېلىپ، ئاندىن مېنىڭ تۇتۇنۇمنى كۆرۈپ، شۇنى نىشان قىلىپ مېڭىپ، ئاخىر ئۆيۈمگە كەلدى.

چىتلاقنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقسام، ئۇلار ئالدىمدا ئۆرە تۇراتتى. كۆل رەڭ پەلتو كىيگەن ئەرنىڭ بوينىدا مارجان، مارجاننىڭ ئاستىدا يەنە ياغاچتىن نەپىس ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇمى بار ئىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئىشارەت قىلدى، ئۇنىڭ قول ئىشارىتى بوينىدىكى زىننەت بۇيۇمىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشىدى. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئىككى ئەرنىڭ بىرى ماڭا گەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. باشتا كۈلگۈم كەلدى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

بېشىمنى چايقاپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى، بۇ قېتىم ئاستىراق سۆزلىدى. بۇ گەپلىرى بىلەن ئالدىدا دېگەن گەپلىرىنى چۈشەنمىگەن بولسامۇ، لېكىن بۇ قېتىم تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئاۋازى ئىدى، دۇنيادا ھەرقانداق ئاۋازنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، دېڭىز قولتۇقى تەرەپنى كۆرسىتىپ، بوشلۇققا بىر شەكىلنى سىزدى، بەلكىم بىر كېمىنى كۆرسەتتى بولغاي.

بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئوتنىڭ يېنىدىكى ئۈچ سېۋەتنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى كېمىگە ئالغاچ چىقماقچىلىقىمنى ئىشارە قىلىپ، ئىككى قۇشنىڭ قەپىسىنى كۆرسەتتىم.

مېڭىشتىن بۇرۇن، بىرمۇنچە قول ئىشارەتلىرىنى قىلىشتۇق. ئۇ يېنىدىكى ئەرلەرگە بىرمۇنچە گەپ قىلدى. ئۇلار مېنىڭ مارجىنىمنى، يېپىنچام بىلەن كونىنىڭ نۇرىدا ۋاللىداپ تۇرغان قارنا كۆڭلىكىمنى ياقتۇرۇپ قالدى. لېكىن، بىز دېڭىز ساھىلىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا كېلىشىمىز بىلەن ھەممىدىن كۆپ گەپ

قىلغان ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى يەنە بىر ئەرنى دەرھال ماڭا بىرقۇر كىيىم تەييارلاپ بېرىشكە بۇيرۇش بولدى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم، چۈنكى بىر ئەر بىر تال تاننى ئېلىپ ئالدىمغا كېلىپ، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە، مۈرەمنىمۇ ئۆلچىدى.

كىيىم كۆك رەڭدە بولۇپ، ئاق تەنلىكلەر ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ئىككى ئىشتاندىن تىكىلگەنىدى. ئىشتاننى كېسىپ پارچە - پارچە قىلىپ، ئاندىن بىر ئەر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاق يىپ بىلەن تىكتى. ئۇنىڭ بۇرنى خۇددى قولىدىكى يىڭنىغا ئوخشاش ئۇزۇن ئىدى. ئۇ تاش ئۈستىدە توپتوغرا يېرىم كۈن ئولتۇردى. ئۇنىڭ يىڭنىسى ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە، ھېلى تېشىغا، ھېلى ئىچىگە توختىماي ئۆتۈپ، كۈن نۇرىدا ۋاللىدايتتى.

ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىدىن رازى بولغاندەك تۇرۇپ كىيىمنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويايتتى. مەنمۇ بېشىمنى لىڭشىتىپ، رازى بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم، لېكىن رازى ئەمەس ئىدىم. قارنا كۆڭلىكىم بىلەن قاما يېپىنچامنى كىيگۈم بار ئىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ تىكىۋاتقان كىيىمىدىن چىرايلىق ئىدى.

يېڭى كىيىم كانىيىمدىن تاپىنىمغىچە كېلەتتى، ئۇنى ياقتۇرماسلىقىم، رەڭگىنىڭ سەتلىكىدىن ئەمەس، رەختى يىرىك بولغانلىقىتىن ئىدى، يەنە كېلىپ بەك ئىسسىق ئىدى. بىراق يەنىلا كۆلۈپ قويۇپ، قارنا كۆڭلىكىمنى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇپ كىيەرمەن، ئاق تەنلىكلەر يوق يەردە كىيەرمەن دەپ سېۋەتكە سېلىۋەتتىم.

بۇ كېمە مارجان قولتۇقىدا توققۇز كۈن تۇردى. ئۇلار قاما ئوۋلىغىلى كەلگەنلەر، لېكىن قامىلار قېچىپ كەتكەنىدى. قانداقلا بولمىسۇن يەنە بىر قىسىم قېرى قامىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يادىدا

ئالىيوُتلار بولغاچقا، شۇ كۈنى ئەتىگەندە بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئۇلار ئېگىز خادا تاش تۇۋىگە كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلار قاما ئۆلتۈرىدىغان قوراللىرىنى ماڭا كۆرسەتكەندە، بېشىمنى چايقاپ بىلمەس بولۇۋالدىم. ئۇلار ئۇچامدىكى قاما يېپىنچامنى كۆرسەتتۇيدى، يەنىلا بېشىمنى چايقىدىم.
كېيىن ئۇلاردىن ئۇزاق يىل ئىلگىرى بىزنىڭ ئادەملەر چۈشۈپ كەتكەن كېمىنى سوراپ، قولۇم بىلەن بىر كېمىنىڭ شەكلىنى سىزىپ، شەرق تەرەپنى كۆرسەتسەم، لېكىن ئۇلار ئۇقمىدى. تاكى سانتا - باربارادا دىن تارقاتقۇچىلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئاندىن يوپ گانرېلىستىن ئۇ كېمىنىڭ ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە يېتىپ بېرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بىر قېتىملىق بوران - چاپقۇندا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، يېقىن ئەتراپتىكى ئوكيانىدىن باشقا بىرەر كېمە كۆك دېلفىن ئارىلىغا بارمىغانلىقىنى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ مېنى ئالغىلى كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتۇم.
ئونىنچى كۈنى، كېمىمىز قوزغالدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا شۇنداق ئوچۇق، شامالمۇ توختىغانىدى. بىز كۈن چىققان تامانغا قاراپ ئۇدۇل يۈرۈپ كەتتۇق.
پالوبىدا تۇرۇپ كەينىمىزدە قالغان كۆك دېلفىن ئارىلىغا كۆزۈمنى ئۈزمەي بەك ئۇزاق قارىدىم. ئاخىردا كۆزۈم ئارالدىكى ئېگىزلىككە چۈشتى. رانتۇنىڭ ھەر خىل تاشلارنىڭ ئاستىدا ياتقانلىقى، قەيەرلەردىدۇر ۋان - ئا - نىنىڭ يۈرگەنلىكى، كىچىك قىزىل تۈلكىنىڭ چىتلىقىمنى بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ كولاۋاتقانلىقى، يەنە غارغا يوشۇرۇپ قويغان قولۋاق، كۆكۈللۈك ئۆتكەن كۈنلىرىم خىيالىمدىن كەچمەكتە ئىدى.
دېلفىنلار لەيلەپ چىقىپ، كېمە ئالدىدا ئۈزۈپ ماڭدى. ئۇلار

ھەركۈنى ئەتىگەندە سۈزۈك دېڭىز سۈيىدە كۆپۈكچىلەرنى چىقىرىشىپ، خېلى ئۇزۇن يەرگىچە ئۈزۈپ باراتتى، قەپەستىكى قۇش ۋىچىرلاپ سايرايتتى، رانتۇ - ئارۇ بولسا يېنىمدا ئولتۇراتتى.



本书根据新蕾出版社2011年9月第1版第27次印刷版本翻译出版。